# دانالار دۇردانىلىرى



شنجاڭ خەلق نەشرياتى

www.uyghurkitap.com





# دانالار دۇردانىلىرى

( ھېكمەتلەر ، رىۋايەتلەر ، ھېكايەتلەر )


تۈزگۈچىلەر : ئەزىزى
ھەجەرگۈل







شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

名人格言/艾则孜编. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.1 (2012.10 重印)
ISBN 978-7-228-06338-3

Ⅰ.名… Ⅱ.艾… Ⅲ.格言-汇编-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 87850 号

编　　者　艾则孜，艾加尔古丽
责任编辑　艾则孜·吐尔迪
责任校对　阿依古丽·沙比提
特约校对　万力·在顿
封面设计　艾克拜尔·沙力
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　(0991)2827472
邮政编码　830001
印　　刷　新疆翼百丰印务有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　6.75
插　　页　1
版　　次　2007 年 12 月第 2 版
印　　次　2012 年 10 月第 4 次印刷
印　　数　11001-14000
定　　价　12.00 元

# كىرىش سۆز

## دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر

ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولغاندىن بىرى دۇنيادىن سانسىزلىغان مەشھۇر كىشىلەر ئۆتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغانلىرى تولىمۇ ئاز بولدى. يىللار ۋە ئەسىرلەر شەپقەتسىزلىك بىلەن داۋاملىشىۋەردى. جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن مۆجىزىلەر تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى جەريانىدا ئاستا - ئاستا غايىب بولدى.

تارىخ تۈگىمەس سىناقلار جەريانى. نېمىنىڭ مىغىز، نېمىنىڭ شاكال ئىكەنلىكى ھەر ۋاقىت مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. قار كۆچىدۇ، تاغ قالىدۇ، گۈلخان ئۆچىدۇ، چوغ قالىدۇ.

ئادەم بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئەقىل جەھەتتە يېتىلىشكە باشلىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆرنەك تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ ئۆزى تاللىۋالغان ئاشۇ ئۆرنەكنى ئۆز ھاياتىنىڭ قىبلىنەماسى، يېتىش زۆرۈر بولغان يۇكسەك پەللە دەپ قارايدۇ. بۇ خىل تاللاشنىڭ قانداق بولۇشى بىۋاسىتە ھالدا شۇ كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىنى بەلگىلەيدۇ. تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى، جاپالىق كۆزىتىشلىرى جەريانىدا يەكۈنلىگەن ھېكمەتكە باي سۆز - ئۇزۇندىلىرى؛ ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، قايىل قىلىش ئاساسى چوڭقۇر، ئاممىباب ھېكايەت ۋە ئۇگۇت - نەسىھەتلىرى ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۆرنەك ھېسابلىنىدۇ.

شەرق تەپەككۇر تارىخىدا كىشىلەرنى گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە ئۈندەيدىغان، جەمئىيەتنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يۇكسەكلىككە يېتەكلەيدىغان، گۈزەللىك، ياخشىلىق، ساداقەت، سەمىمىيلىك، ئىناقلىق، ئىلىم - مەرىپەت، ئادالەت، كامالەت ۋە مېھىر - مۇھەببەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەخلاقىي پەلسەپىۋى قاراشلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن شەرقنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇددى قايسىبىر ئاقىل ئېيتقاندەك «دانىشمەنلەر ماكانى» دېيىشكە بولىدۇ. ئەنە شۇ دانىشمەنلەردىن قالغان ئەقىل ئۆرنەكلەر زامانىمىزدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشتە ئاز - تولا ئەجايىپ رول ئوينىسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىدتە ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق.

كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا ئوقۇرمەنلىرىمىز ھەرخىل مەنبەلەر بويىچە ئازراق بولسىمۇ ئۇچۇرغا ئىگە بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن مەقسەت بىلەن مەنبەگە ئىمكانقەدەر كەڭرەك ئورۇن بېرىشكە تىرىشتۇق.

بىر قىسىم ئەسەرلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، كىتابىمىزنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىغا قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۆز خاھىشىمىز بويىچە ئايرىم پارچىلارنى تاللاپ كىرگۈزدۇق.

بىر قىسىم مەنبەلەر ئەسلىي چاغاتاي تىلىدا بولغاچقا، بىز ئۇنى ئامال بار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشتۇق. يەنە بىر قىسىم مەنبەلەر ئەسلىي شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭ نەسرىي يەشمىسى بارلىرىنى شۇ يەشمىسى ئاساسىدا، نەسرىي يەشمىسى يوقلىرىنى مەنە ۋە مەزمۇنىنى چىقىش قىلغان ھالدا نەسرلەشتۈرۈپ ئالدۇق.

«قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا ئەخلاقىي پەلسەپىۋى قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىر بابىنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى تولۇق ئېلىپ، كىتابىمىزنىڭ مۇقەددىمىسى ئورنىدا پايدىلاندۇق.

كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا بىر قىسىم دوست - بۇرادەرلىرىمىز پايدىلىق ماتېرىيال ۋە ياخشى مەسلىھەتلەر بىلەن بىزگە ياردەم بەردى. بۇ يەردە ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

قايسىبىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەنىكەن. شۇنداق، دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدە. دانىشمەن بولاي دېسىڭىز، دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل - پاراسەتكە باي ئۈگۈتلىرىگە قۇلاق سېلىڭ!

ئەزىزى
ھەجەرگۈل

# مۇندەرىجە


بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى باياندا..........
........................................ يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1
ئاسماننىڭ زىننىتى يۇلتۇزلار بىلەن ... ئەللامە زەمەخشەرىي 9
ئاتا رازى — خۇدا رازى ........................ تىرمىزىي 15
قىممەتلىك سائادەتلەر ................ مۇھەممەد ئەلغەززالىي 19
يۈز نەسىھەت.................................. لوقمان ھېكىم 24
يۇم كۆزۈڭنى ، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل ......................
........................................ جالالىددىن رۇمىي 29
ياخشى خۇلق — ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى.......................
........................................ ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي 36
خۇلقۇڭ بىلەن جاھاننى ساز قىل ......... نىزامى گەنجىۋى 41
ئىلىملىك ئادەمگە ئۇلۇغلۇق ھەمدەم...... خۇسرەۋ دېھلەۋى 47
ئاز ـ ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر ........... ئەلىشىر نەۋائىي 54
ھەقىقىي بايلىق — روھىي بايلىقتۇر ... مۇھەممەد بۇخارىي 63
ئەخلاقلىق ئادەم يالغۇز قالمايدۇ ...................... كۇڭزى 68
قۇياشنى توسما ................................ دىئوگېن 82
سۇ سۇغا قوشۇلۇپ ...................... مۇھەممەد ئەۋفىي 87
ئالىيجاناب ئىنسانلا سۆيەلەيدۇ .............................. 90
رىۋايەتلەر ، ھېكايەتلەر ۋە ھېكمەتلەر ...................... 99

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەلىشىر بىلەن بۇلبۇل .................................. [illegible]
كىم ئاقىل ................... مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي 117
ئالتۇن ھالقىلار ...................... ئەللامە زەمەخشەرىي 123
پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدا ..........................
........................... ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابىي 132
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ .......................
....................................... ئەھمەد يۈكنەكىي 138
كامىل ئىنسان ..............................................
......... شەيخ ئەزىزىددىن ئىبنى مۇھەممەد نەسەفىي 141
ۋاپاسىز يار — زىياسىز شام ........... ئەلىشىر نەۋائىي 146
ياخشى خۇي — دۇنيانىڭ سائادىتى ..........................
................................ ھۇسەين ۋائىز كاشىفىي 155
ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ......................
.............................. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 176
زىياپەت ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپ ـ ئەخلاقى توغرىسىدا ... 185
ئەخلاق بىلىملىرى ........ رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن 189
ئائىلە ئەدەپلىرى ............................ ئالىمەتۇلبەنات 202

# بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى باياندا

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ

*يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى ، شەرق دېداكتىك داستانچىلىقىنىڭ پېشىۋاسى . ئۇنىڭ مەشھۇر داستانى — «قۇتادغۇبىلىك » ( «بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم» ) دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلمەس نامايەندىسى . ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلەر ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قامۇسى . ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخىدىكى پارلاق دۇردانىلەرنىڭ بىرى . تۆۋەندە كەلتۈرۈلگىنى داستانىنىڭ ئونىنچى بابىنىڭ نەزمىي يەشمىسى بولۇپ ، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى .*

* *

تىلەكىم ئىدى سۆز ، ئەي ئالىم ھېكىم ،
ئەقىل ۋە بىلىمدىن سۆزلەش مەقسىتىم .

ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى ،
بىلىم — ئۇ يورۇقلۇق ، يورۇتقاي سېنى .

ئۇ ئەسىر ئەقىلدىن ، بىلىمدىن بۈيۈر ،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭغا پۈتمىسەڭ كۆركى ، نۇشىن راۋان①
ئەقىل كۆزى بىرلە يورۇتتى جاھان .

بېيىدى ئېلى تۈز يۈرۈتكەچ نىزام ،
ئەجەب ياخشى ۋاقتىدا قويۇپ ياخشى نام .

دېمىش بىر ھېكىم سۆز ئۇنىڭغا ئاتاپ ،
دوزىخى بولسىمۇ ئاڭا يوق ئازاب .

گۆدەككە قارا ، ئۇ تاپۇر ئەقىل ھەم ،
يېشى تولمىغۇنچە يۈرۈتمەس قەلەم .

ئەقىللىق كىشى ھەم قېرىسا ئازار ،
ئەقىل كەتتى دەپ ھەم قەلەممۇ تىنار .

ئەگەر تەلۋە بىر ئەرنى ئۆلتۈرسە راس ،
ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوق ، ئېلىنماس قىساس .

نېمىشقا دېسەڭ ئۇ ئەقىلسىز ئېرۇر ،
ئەقىلسىز مۇكاپات ، جازاسىز ئېرۇر .

ئەقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي ،
ئەقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئوچۇملا لاي .

قاراپ كۆر ، مۇنۇ سۆز ياخشى سۆز ئېيتىلغان ،
ئۆزىنى بۇيۇتمەس ئەقىلسىز نادان .

① نۇشىن راۋان — نۇشىرۋان — ئىران شاھى

ھەر كىمنىڭ كېيىمى بولۇر ئۇستىدە ،
ئەقىللىق ، بىلىملىك ئەزىز ئەسلىدە .

ئەقىل بولسا ، ئېسىل بولۇر بولسا ئەر ،
بىلىم بولسا ، بەگلىك قىلۇر قىلسا ئەر .

ئەقىل كىمدە بولسا ، بولۇر ئۇ ئېسىل ،
بىلىم كىمدە بولسا ، بولۇر ئۇ خان بىل .

كىشى ئوغلى سۇندى قوڭۇر يەرگە قول ،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول .

ئەقىل بىرلە ئېسىل ئاتىلار كىشى ،
بىلىم بىرلە بەگلەر قىلۇر ئەل ئىشى .

تولا ئالقىش ئالغان تۇمەن پەزىلىلەر ،
قىلىنغاچ ئەقىل بىرلە ماختالدىلەر .

ئەقىل ئازىنى ئاز دېمە ، نەپئى كۆپ ،
بىلىم ئازىنى ئاز دېمە قەدرى خوپ .

ھېكىملەر سۆزىنى ئىشىت ۋە چۈشەن ،
بۇ تۆت نەرسە ئازىنى ئاز دېمە سەن :

بۇ تۆتىنىڭ بىرى ئوت ، بىرىدۇر يېغى ،
ئۇچىنچى ، كېسەللىك — ھايات تۇزىقى .

ئۇلاردىن كېيىنكى بىرىدۇر ئىلىم ،
بۇ تۆتنى بوش كۆرمە ، بەكمۇ مۇھىم .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇلاردا بۇلار كۆپ پايدا يا زىيان ،
بىرىم يا ئىلمدەك بولۇر ھەر قاچان .

بىلىم كىمىيادەك يىغار نەرسىنى ،
ئەقىلدۇر سارايى ، يىغار ھەممىنى .

ئىپار بىرلە بىلىم كېتەر ئوخشىشىپ ،
تۇتۇپ بولماس ئۇنى ئۆزدە يوشۇرۇپ .

ئىپارنى يوشۇرساڭ ، بۇيى بىلدۈرەر ،
بىلىمنى يوشۇرساڭ ، تىلىڭ كۆرسىتەر .

بىلىم بايلىق ئول ، گادايلاشمايدىغان ،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان .

كىشىگە بىلىم ۋە ئەقىلدۇر كىشەن ،
يامانلىق قىلالماس ئەر كىشەن بىلەن .

كىشى ياخشى ئاتنى كىشەنلەپ تۇتار ،
كىرەكلىك ئىتىنى كۆزىتىپ تۇرار .

كىشەنلىك قاچالماس ، كىرەكچە يۈرۈر ،
تۇشاغلىق كېتەلمەس ، تىلەكچە بولۇر .

ئەقىلدۇر ساڭا ئاتت قىلىشقان ئاداش ،
بىلىم چىن مېھرىبان ساڭا قېرىنداش .

نادانغا يىغىدۇر بىلگەن ـ ئەتكىنى ،

يېتەر شۇ ئىككىنىڭ جېدەل ـ غەلىينى .

بۇڭا ئوخشاپ كېلەر تۈركچە مەسەل ،
ئوقۇ ھەم كۆڭۈلدە بۇڭا قىل ئەمەل :

ئاقىلغا ئۆز ئەقلى ئەشلىككە[1] يارار ،
نادانغا ئېتى بەس ، قارغىش ياغدۇرار .

بىلىملىككە ئىلمى تولۇق تون ، ئاش ،
بىلىمسىزگە قىلىقى يامان بىر ئاداش .

ئەي ئاقىل ، غەزەپنى قىل ئۆزدىن يىراق ،
ئاچچىقتىن يىراق بول ، ئال ياخشى ئاتاق .

بۇ ئاچچىق ، غەزەپتىن سەن ئەيلە ھەزەر ،
يېقىن كەلسەڭ ئۇلغاي ھاياتىڭ خەتەر .

غەزەپلىك ئىشىڭ ئۇ پۇشايمان بېرۇر ،
قىزىققانلىق ئۇلساڭ ئىشىڭ بۇزۇلۇر .

كىشىگە چىداملىق ، ئېغىرلىق كېرەك ،
كۆن ـ ئاي تۇغسا بەگكە تەمكىنلىك كېرەك .

ئەقىل كۆپ كېرەكتۇر ، تاللاشقا كىشى ،
بىلىم بەك كېرەكتۇر ، قىلىشقا ئىشى .

يارامليق ، يارامسىزنى ئايرىپ كۆرۈپ ،

[1] ئەشلىككە — يولداشلىققا .

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېرەكلىك ، كېرەكسىزنى ئوبدان تونۇپ ،

راسا تاسقىسا چىڭ ، ئېنىق تاللىسا ،
پۈتۈن ئىشقا ئۆتكۈر نەزەر تاشلىسا ،

شۇ چاغدا بولۇر ئىش پۈتۈن ۋە پىششىق ،
بىلىملىك كىشى يەر ئېشىنى پىششىق .

يېتەدۇر تىلەككە ئاشۇنداق كىشى ،
چۈشەر ئىككى دۇنيادا يولغا ئىشى .

غەزەپ بىرلە ئاچچىق كىشىگە يامان ،
چېكەر تەن ھەمىشە بۇلاردىن زىيان .

ئىشتىكىن نېچۈك قىلدى ئالىم خىتاب ،
بەختلىك كىشى ماڭ بۇ سۆزگە قاراپ :

قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر ،
غەزەپلەنسە ئادەم ئەقىلدىن قالۇر .

غەزەپ ئەرگە يامان ، بىلىم كەتكۈزۈر ،
غەزەپتە يۇمشاقمۇ قوپاللىق قىلۇر .

نېمە دەر بىلىملىك كىشى ئاڭلىغىن ،
بىلىملىك سۆزى تەڭ شېرىن جانغا چىن :

بۇ بىرنەچچە نەرسە كىشىگە ياۋۇز ،
بۇنى قىلسا كىشى بۇزار ئۆزنى ئۆز ،

بىرى يالغان ئېيتماق ئېرۇر سۆزىدە ،
ئىككىنچى ، تۇرماسلىق قىلغان ۋەدىدە .

ئۈچىنچى هاراققا بولۇش مۇپتىلا ،
بۇ ئەر ئۆمرى شەكسىز كېتەر بوشقىلا .

يەنە بىرى كاجلىق ، جاھىللىق قىلىش ،
جاھىللىق جاھاندا ياشاتمايدۇ تېش .

ئېرىغسىز قىلىقنىڭ بىرى قوپاللىق ،
قىلۇر ئۇ كىشىلەر ئۆيىن توزانلىق .

بىكارغا چېچىلىپ ئاچچىقلاش بىرى ،
تىلىن ئاچسا يارا بولۇر ئەل دىلى .

كىشىدە يىغىلسا بۇ نەرسىلەر گەر ،
مۇبارەك سائادەت ئۇنىڭدىن تېزەر .

پەلەكمۇ يار ئولماس ، بېشى ئايلىنار ،
بۇنىڭلە خۇلقمۇ ئىزىدىن چىقار .

يۇرى ، ياخشىلىق قىل ئەي ياخشى كىشى ،
ئوكۇشلۇق هامانە ياخشىنىڭ ئىشى .

نېمە دەر ئىشىتكىن مۇلايىم كىشى ،
سىناپ ئالغۇچى قولغا دۆلەت ئىشى :

قېرىماس ياخشىلار يىل ئۆتكەن بىلەن ،
تۇزەلمەس يامان مىڭ تۇزەتكەن بىلەن .

www.uyghurkitap.com

يامان — ئۆمرى قىسقا ، ئۆكۈنچتە قېرۇر ،
ئۇزۇن ياشلىق ياخشى ئۆكۈنچسىز يۇرۇر .

تىلەككە يېتەر ياخشى كۈندە يېڭى ،
كۈنگە مىڭ ئارتار ياماننىڭ مۇڭى .

# ئاسمانىنىڭ زىنىنتى يۇلتۇزلار بىلەن

## ئەللامە زەمەخشەرىي

*ئەبۇلقاسىم مەھمۇد ئىبنى ئۆمەر ئەز ـ زەمەخشەرىي مىلادىيە 1075 ـ يىلى خارەزمنىڭ زەمەخشەر دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن بۇخارا، ئىسپاھان، نىشاپۇر، باغداد، شام، مەككىلەرگە بارغان. تىلشۇناسلىق، لۇغەتشۇناسلىق، نۇتۇق سەنئىتى، شېئىرىيەت، جۇغراپىيە، ئەدەپ ـ ئەخلاق، تەپسىر ۋە ھەدىسكە ئائىت نۇرغۇن ئەسەر يېزىپ مۇسۇلمان دۇنياسىدا «ئۇستازۇد ـ دۇنيا» (دۇنيانىڭ ئۇستازى) «ئۇستازۇل ـ ئەرەب ئەل ئەجەم» (ئەرەبلەر ۋە ئىرانىيلارنىڭ ئۇستازى) «فەخرۇل ـ خۋارەزم» (خارەزمنىڭ پەخرى) دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەت قازانغان. «نەۋابىغۇل ـ كىلەم» («نازۇك ئىبارىلەر») ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئائىت ئەسىرىدۇر.*

*　　*

يامان پېكىر قىلغۇچىلارمۇ، ھارام نېمەت يېگۈچىلەرمۇ ياۋايى قاۋانلارغا ئوخشاش خۇدانىڭ مەغپىرىتىدىن يىراقتۇر.

*　　*

مەغلۇپ بولغان بىلەن مەرد ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى كېمەيمەس، تەشۋىش، مۇشەققەتكە گىرىپتار بولغاندىمۇ خار بولماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　　*

ھايۋانغا ياخشىلىق قىلساڭ سۆيۈنىدۇ ، ھايۋان سۆيۈنسە ئىگىسىنى تېپىدۇ .

*　　*

تىل بىلەن يەتكۈزۈلگەن جاراھەت ، قىلىچ بىلەن يەتكۈزۈلگەن جاراھەتتىن ئېغىرراقتۇر .

*　　*

لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنى سۇ ئۆچۈرگىنىدەك ، نادان ئادەملەردىن چىقىۋاتقان پەريادنى ھېكىم ۋە ئاقىل ئادەملەر ئۆچۈرىدۇ .

*　　*

ئۆزۈڭگە زۆرۈر بولغان ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋال ، بۇ ئەرلەرنىڭ ساخاۋىتىنى ، قۇدرىتىنى ، ئەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ . چۈنكى ، شۇ نەرسىنى بىراۋدىن سورىساڭ ، ئۇ سەن سورىغان نەرسىدىن باشقىسىنى بېرىدۇ ، سېتىۋالساڭ ئۆزۈڭگە كېرىكىنى ئالىسەن .

*　　*

يامان ، غەيرىي ئېتىقاد بىلەن قىلىنغان ياخشى ئىش ئالۋۇنغا ئوخشاش ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ .

*　　　*

سېنى بوھرانغا ئۇچراشتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى كىشىگە ئىلتىپات بىلەن مۇئامىلىدە بول . قورقما ، زىيىنى يوق ، ھېچقىسى يوق دەپ تەسەللى بەرگۈچىلەردىن يىراق بول .

*　　　*

نەيرەڭ بولغان ھەرقانداق ئىشتا نۇر يوقتۇر .

*　　　*

ئەزگۈلۈك ، خەيرلىك ئىشلارغا ئەستايىدىل كىرىش ، ئۇنى ئارقىغا سۈرۈپ كېيىن قىلارمەن دېگەن ئويدىن ۋاز كەچ . شەيتان ئازدۇرىدىغان ئالدىراقسانلىق بىلەن ئەمەس ، تەپەككۇر ۋە ئىدراك بىلەن ئىش تۇت .

*　　　*

ھەربىر تىرىك جان مۇقەررەر ئۆلىدۇ ، شۇنداق ئىكەن ، ئەڭ ساۋابلىق ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر .

*　　　*

يامان ، خەسىس ئادەم ھەرقانداق جايدا لەنەتلىنىدۇ ، سېخىي ، ياخشى ئادەم ھەرقانداق جايدا ئىززەت ـ ھۆرمەتكە نائىل بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

* *

قۇرت ـ قوڭغۇزلار يولۋاس بالىسىنى چاققانغا ئوخشاش ، ئالىيجاناب ۋە ھىممەتلىك ئادەمنىڭ گۆشىنى ھەسەتخورلار يەيدۇ .

* *

كىمكى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ سەپەر قىلمىسا ، تۆرلۈك ـ تۈمەن تەشۋىش ـ مۇشەققەتلەرنىڭ سۈيىنى ئىچمىسە ، ئۇ ھەقىقىي راھەت ـ پاراغەتكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ .

* *

مەرد ۋە ئالىيجاناب كىشىنىڭ ئەڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى — ئۆز دوستىنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ ، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئىشلىرى ئورنىدا كۆرۈپ ئىش تۇتۇشتۇر .

* *

كىمكى بەخت ـ ئىقباللىق ، خالىس كىشىلەرنىڭ پېشىنى تۇتسا ، ئۇ ئەلۋەتتە مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەر ، ساخاۋەت ۋە ئامەت تاپار .

* *

ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ، تۆرلۈك ۋەج ـ سەۋەب كۆرسەتكۈچى ئادەم مەرد ۋە ھىممەتلىك ئىنسان بولالماس .

*　　*

تەكەببۇرلۇق ھېچبىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنى زىيادە قىلمايدۇ، تەكەببۇرلۇق — قۇرۇق ھەيۋىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

*　　*

خەير - ساخاۋەت، پەزىلەت ئىگىسىنىڭ پەرزەنتىدۇركى، ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر ۋە شان - شەرەپكە مۇناسىپتۇر. چۈنكى، دۇر سەدەپكە نىسبەتەن قىممەتلىكرەكتۇر.

*　　*

ئورمانلاردا يولۋاسلارنىڭ، باغلاردا يىلانلارنىڭ بولۇشىنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق.

*　　*

ۋاقتى - سائىتى ئۆتكەندىن كېيىن ئىجرا بولىدىغان ۋەدىدە ھېچقانداق خەيرلىك بولماس.

*　　*

ھەرقانداق مۇشكۇل ئىش ئەقىل ئىگىلىرى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىدۇ.

*　　*

قەلبىنى گۈزەل سۈپەت ۋە خۇلقلار بىلەن بېزىمىگەن ئادەم ھەرقانچە چىرايلىق كىيىنسىمۇ بەربىر گۈزەل بولالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

*　　*

يەرنىڭ كۆركەملىكى ئالىملار بىلەن، ئاسماننىڭ زىننىتى بولسا يۇلتۇزلار بىلەن.

*　　*

نۇرغۇن ئادەملەر باركى، ئۇلار سىزگە يېپىتەك يۆگىشىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار پەيت كۈتۈپ پىتنە ـ پاسات تېرىشقا ھەم چىقىشقا ئىنتىلىدۇ.

*　　*

تاغ چوققىسىغا چىققان كىشى ئۇنىڭدىن يىقىلىپ كېتىشتىن كۆپرەك ئاگاھ بولۇپ تۇرمىقى لازىم.

*　　*

ھالال ھەم پاكىز كىشى دائىم خاتىرجەم، تىنچ ياشايدۇ. بىراۋغا يامانلىق ۋە خىيانەت قىلىدىغان كىشى دائىم ساراسىمىدە ياشايدۇ.

*　　*

ئەگەر ئۆز بۇرادىرىڭ ساڭا نىسبەتەن بىرەر خىيانەت قىلسا، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن ئۆزۈڭنى تارت، ئۇنىڭ ھىيلىسىدىن ئۆزۈڭنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ھەرىكەت قىل.

# ئاتا رازى — خۇدا رازى

## تىرمىزىي

*ئەبۇ ئىيسا مۇھەممەد تىرمىزىي مىلادىيە 824 ـ يىلى تىرمىز شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بۇغ يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن . مىلادىيە 892 ـ يىلى شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن .*

*تىرمىزىي ئۇزاق يىللار ئىراق ، ئىسپاھان ، خۇراسان ۋە مەككە ، مەدىنىلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ ، ئىسلام دۇنياسىدا بۈيۈك ئۆلىما ، ئالىم ۋە ئەدىب سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان . ئۇنىڭ «ئەججامىئ» («توپلام») ، «ئەلئىلال» («ئىللەتلەر ياكى ئېغىشلار») ، «ئەتتارىخ» («تارىخ») قاتارلىق ئەسەرلىرى بار .*

* *

كەمبەغەل بىچارىلەرگە قىلىنغان سەدىقە — ھەقىقىي سەدىقىدۇر . ساخاۋەتلىك كىشى ئۇچۇن ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى نەرسىدۇر : يەنى ھەم سەدىقە ، ھەم ھەدىيە .

* *

تۇنجى قېتىم زەربە يېگىنىڭدە سەۋرچان بول .

* *

ئۆلگەن كىشىلىرىڭىزنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئەسلەپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يامانلىقلىرى ھەققىدە ئېغىز ئاچماڭ .

* *

قەبرىلەرنى پات ـ پات زىيارەت قىلىڭ ، چۈنكى ئۇلار ئاخىرەتنى ئېسىڭىزگە سالىدۇ .

* *

رەھىم ـ شەپقەتسىز كىشى ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ .

* *

ئادەملەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغانلارغا ئاللامۇ رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدۇ .

* *

ھايالىق بولۇش ئىماندىندۇر ، ئىمانلىق كىشى جەننەتتىدۇر ، بىھايالىق جاپادىن بولۇپ ، جاپا بولسا جەھەننەمدىدۇر .

* *

ئۆزىڭىزدىن يۇقىرى تۇرغانلارغا ئەمەس ، بەلكى ئۆزىڭىزدىن تۆۋەن تۇرغانلارغا نەزەر سېلىڭ ، چۈنكى بۇ ئىش سىزگە ئاللانىڭ نېمىتى چۈشكەندىنمۇ ئەۋزەلرەكتۇر .

* *

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئۆز دوستىنىڭ

نەزىرىدە ياخشى بولغان كىشى ئاللانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ياخشىلاردىن ھېسابلىنىدۇ ، ئۆز قوشنىسىغا يېقىن بولغان ئادەم ئاللاغا يېقىن قوشنا ھېسابلىنىدۇ .»

*        *

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئاتاڭ رازى — خۇدا رازى ، ئاتاڭ دەرغەزەپكە كەلسە — خۇدامۇ دەرغەزەپكە كېلىدۇ .»

*        *

كىمكى تاشلاندۇق يەرنى ئاۋات قىلسا ، ئۇ يەر شۇنىڭ بولىدۇ ، بۇ يەردە زالىم كىشىنىڭ تەر تۆكۈشكىمۇ ھەققى يوق .

*        *

كىمكى كۆچەت تىكسە ياكى زىرائەت تېرىسا ، ئۇنىڭدىن ئىنسان ياكى قۇش ، ياكى ھايۋانلار بەھرىمەن بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ .

*        *

ئادەملەرگە خەيرخاھلىق قىلىش — سەدىقە .
ئاداشقان كىشىلەرگە توغرا يول كۆرسىتىش — سەدىقە .
كەمبەغەللەرگە خۇش مۇئامىلىدە بولۇشمۇ — سەدىقە .

*        *

ئىككى نەرسە باركى ، كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرى — ساغلاملىق ، ئىككىنچىسى — بوش ۋاقىت .

* *

ئۆرۈق - تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەن كىشى جەننەتكە داخىل بولماس .

* *

كىمگە ئالىي ھىممەت بېرىلگەن بولسا ، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە بېرىلگەن ھېسابلىنىدۇ ، كىمگە ئۇ بېرىلمىگەن بولسا ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بېرىلمىگەن بولىدۇ .

* *

ئەگەر ئىلكىڭىزدە ئارتۇق يەر بولسا ئۆز دوستىڭىزغا ھەدىيە قىلىڭ ياكى ئۇ يەرگە زىرائەت تېرىڭ .

* *

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «ئاتىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە بەرگەن تەربىيىسى بىر ئۆلۈش پۇل سەدىقە قىلغاندىن ئەۋزەل .»

* *

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : «يول توسار بۇلاڭچى ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ .»

# قىممەتلىك سائادەتلەر

## مۇھەممەد ئەلغەززالىي

*ئەبۇ هامىد مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلغەززالىي مىلادىيە 1059 ـ يىلى خۇراساننىڭ تۇس شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا تونۇلغان ئۆلىما ۋە پەيلاسوپ بولۇپ ، «تەھافۇتەل فەلاسىق» ( «پەيلاسوپلارغا رەددىيە» ) «كىميايى سەئادەت» ( «قىممەتلىك سائادەتلەر» ) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان . مىلادىيە 1111 ـ يىلى ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان .*

*　　*

بىلگىنكى ، دۇنيا بىر مەنزىلدۇر . يولدىن ، مەنزىللەردىن ھەربىر ئادەم چوقۇم كېتىدۇ .

*　　*

ۋۇجۇد ئۆتكۈنچىدۇر ، دىل مەڭگۈلۈكتۇر .

*　　*

ئادەم ھەممە ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدۇ . باشقىلارغا ھاجىتى چۈشكەنلىكى سەۋەبىدىن خەلقلەر ئارىسىدا خۇسۇمەت پەيدا بولىدۇ . ئادەملەر ئۆز ھەققىگە رازى بولماي بىر ـ بىرىگە قەست قىلىدۇ . مۇشۇ سەۋەبلىك يەنە ئۈچ سۇپەتكە ھاجەت چۈشىدۇ ، ئۇنىڭ بىرى سەلتەنەت ، بىرى سىياسەت ، يەنە بىرى قازى ۋە ھۆكۈمەت ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا ئۇنىڭ قانۇنشۇناسى . بۇ ئارقىلىق سىياسەت ۋە سەلتەنەت قانۇننى خەلققە جارى قىلىدۇ . شۇ ۋەجدىن دۇنيانىڭ ئىشلىرى كۆپىيىپ ، كىشلەر سائادەت يولىنىڭ كويىغا چۈشىدۇ .

* *

ئىيسا ئەلەيھىسسالام : «مال ـ دۇنيا ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ھالى شور دەريانىڭ سۈيىنى ئىچكەن كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشاش ئىچكەنسېرى تەشنالىقى ئاشار » دېگەن .

* *

ئەگەر ھۈنەرۋەن بولۇشنى خالىساڭ كىشلەرگە مەنپەئەتى يېتىدىغان ھۈنەرنى ئۆگەن .

* *

لوقمان ھېكىم پەرزەنتىگە ۋەسىيەت قىلىپ : «كەسىپ ۋە ھۈنەردىن قول ئۈزمە » دېگەن .

* *

ئەگەر بىراۋ ھاجىتىدىن زىيادە دۇنياغا ئېرىشىش تەلىپىدە بولسا ، ئۇ كىشىدە ھېچبىر پەزىلەت يوقتۇر .

* *

ئاپەتنىڭ بېشى — ھەسەتتۇر ، ئۇنىڭ شادلىقى قايغۇ ۋە قايغۇسى شادلىقتۇر . ئاپەتنىڭ ئىككىنچىسى — باشقىلارغا بالا ـ قازا كەلسە خۇشال بولۇشتۇر . ئۈچىنچى ئاپەت — سالام قىلىش

ۋە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتۇر . تۆتىنچى ئاپەت — باشقىلارغا ھاقارەت نەزىرى بىلەن قاراشتۇر . بەشىنچى ئاپەت — غەيۋەت قىلىش ۋە يامان سۆزلەشكە تىلىنى سوزۇشتۇر . ئالتىنچى ئاپەت — مەسخىرە قىلىشقا ئادەتلىنىشتۇر . يەتتىنچى ئاپەت — خورلاش ۋەياكى ئارتۇقچە رەھىم قىلىشتۇر . سەككىزىنچى ئاپەت — پۇرسەت تاپسىلا باشقىلارنى سۆكۈش ، سۆككۈچىلەرگە بولۇشۇش ۋە ئۇلارنى توسماسلىقتۇر .

*　　*

ئەگەر بىراۋ سەندىن يىراق بولسا ، سەن ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلغىن . ئەگەر سېنى بىرەر نەرسىدىن مەھرۇم قىلسا ، سەن قۇدرەت تاپقاندا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغىن . ئەگەر ساڭا زۇلۇم قىلسا ، سەن ئەپۇ قىلغىن .

*　　*

غەزەپ كەلگەن ۋاقىتتا سەۋر قىلغىن ، قۇدرەت تاپقان ۋاقىتتا ئەپۇ قىلغىن .

*　　*

ھەر كىشى رەپىقتىن (دوستتىن ) مەھرۇم بولسا ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ شاراپىتىدىن مەھرۇمدۇر .

*　　*

بىلگىنكى ، مەدھىيە ۋە ماختاشنىڭ شېرىنلىكىنىڭ سەۋەبى تۆتتۇر . بىرىنچىسى شۇكى ، ئادەم ئۆز كامالىتىنى دوست ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇقسانىنى دۇشمەن دەپ بىلىدۇ . ماختاش كامال تاپقانلىقنىڭ دەلىلى بولۇپ ، ئۆزىنىڭ كامال تاپقانلىقىدا شەك بولسا ، بىراۋنىڭ ماختىشىدىن ئۇ شەك كۆتۈرۈلۈپ ، ئۆزىنىڭ كامال تاپقانلىقىغا جەزم قىلىشقا يېقىن سەۋەب بولىدۇ . بۇ سەۋەبتىن خۇشلۇق ۋە لەززەت ھاسىل بولىدۇ . ۋاقتى كېلىپ ئاداشقانلىقىنى بىلسە ، ئۆز نۇقسانىنى كۆرۈپ رەنجىيدۇ ، ھەتتا كېسەل بولىدۇ . ئىككىنچى سەۋەب — ئەگەر بىراۋنى ماختىغۇچى ئەزىز ۋە ئۇلۇغ كىشى بولسا ئۇنىڭ ماختىشى لەزىز ئاڭلىنىدۇ . ئۈچىنچى سەۋەب — ئەگەر ماختاشتىن خەلقنىڭ كۆڭلىنىڭ ماختالغۇچىغا مايىل ۋە يېقىن بولغانلىقىغا ئىسپات بولسا ، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ماختاش ھەممىدىن ياخشىراقتۇر . تۆتىنچى سەۋەب — ئۆزىنىڭ قەھر ـ غەزىپى يەتكەن كىشى ماختىسا ئۆزى ئاڭلاشقا خۇشياقمىسىمۇ باشقىلارنىڭ ئاڭلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ .

* *

ئۆزۈڭنى كامىل ۋە ئاقىل سانىما ، باشقىلارنىڭ پەزىلەتلىك دېگىنىدىن شادلانما .

* *

خەلقنىڭ ياخشى دېگىنىدىن زىيادە بولماس ۋە يامان دېگىنىدىن كەم بولماس .

* *

خۇشاللىق ۋە ئازابنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىغان كىشى ئاقىلدۇر .

*        *

بىلگىنكى ، ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۇلۇغ سائادەتتۇر .

*        *

رەسۇل ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەپتۇ : «جەننەتنىڭ خۇشبۇيلۇقى بەش يۈز يىللىق يەرگىچە يېتىپ بارار ، ئەمما ئاتا ـ ئانىسىغا ئازار يەتكۈزگەنلەر ۋە رەھىم ـ شەپقەتنى ئاغرىتىپ قىلغانلارغا يەتمەس .»

*        *

بىر كىشى غازاتقا بېرىشقا رەسۇل ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىدى . رەسۇل ئەلەيھىسسالام دېدىكى :

— ئاناڭ بارمۇ ؟

— بار .

— ئاناڭنىڭ خىزمىتىدە بولغىن ، جەننەت ئاناڭنىڭ قەدىمى ئاستىدا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يۈز نەسىھەت

## لوقمان ھېكىم

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، لوقمان ھېكىم مەشھۇر قەدىمكى ئەرەب دانىشمىنى ، تېبابەتچىلىكنىڭ تۇنجى ئاتىسى ، دەرىجىدىن تاشقىرى ماھىر ھۆكۈما بولۇپ ، بەزىدە ھەتتا پەيغەمبەرلەر قاتارىدا سانىلىدۇ . «قىسسەسۇل ـ ئەنبىيا» («پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسسىلەر») دا ئۇنىڭ ئەسلى قۇل ئىكەنلىكى ، 3500 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ . شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ نامى مەشھۇر ئەۋلىيا سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ .

* *

1 . ئەي پەرزەنتىم ، ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك ياراتقۇچىنى تونۇ .
2 . كىمگە پەند ـ نەسىھەت قىلساڭ ، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئەمەل قىل .
3 . سۆزنى ئۆز قەدرىگە لايىق سۆزلە .
4 . ئادەملەرنىڭ قەدرىنى بىل .
5 . ھەممىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى چۈشەن .
6 . سىرىڭنى مەخپىي تۇت .
7 . دوستۇڭنى قىيىن كۈندە سىنا .
8 . دوستتىن پايدا ـ زىياندا ئىمتىھان ئال .
9 . ئەخمەق ۋە نادان ئادەملەردىن قاچ .
10 . دانا ۋە زىرەك دوستنى دوست تۇت .
11 . ياخشى ئىشقا مەھكەم كىرىش .

12 . ئايال كىشىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشەنمە .
13 . ساپ دىل ۋە دانا كىشىلەر بىلەن مەسلىھەت قىل .
14 . سۆزنى ئىسپاتى بىلەن سۆزلە .
15 . ياشلىقنى غەنىيمەت بىل .
16 . ياشلىقتا ئىككى دۇنيا ئىشلىرىنى قىلىۋال .
17 . دوست ـ يارلىرىڭنى ئەزىز بىل .
18 . دوست ـ دۈشمىنىڭگە يۈزۈڭنى ئوچۇق تۇت .
19 . ئاتا ـ ئانىنى غەنىيمەت بىل .
20 . ئۇستازنى ئاتىدىن ئەزىز بىل .
21 . خىراجەتنى كىرىمىڭگە قاراپ قىل .
22 . ھەممە ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇت .
23 . ئالىيجانابلىقنى ئۆزۈڭگە شوئار قىل .
24 . مېھماننىڭ خىزمىتىنى قائىدە بويىچە قىل .
25 . بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىڭدە كۆز ۋە تىلىڭغا ئېھتىيات قىل .
26 . كىيىم ـ كېچەك ۋە بەدىنىڭنى پاكىز تۇت .
27 . جامائەت بىلەن بىللە بول .
28 . پەرزەنتىڭگە ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگەت .
29 . ئىلاج بولسا پەرزەنتىڭگە چەۋەندازلىق ۋە مەرگەنلىكنى ئۆگەت .
30 . ئۆتۈك ۋە كەش كىيىشنى ئوڭ پۇتۇڭدىن ، سېلىشنى سول پۇتۇڭدىن باشلا .
31 . بىراۋ بىلەن ئىش قىلساڭ شۇ ئادەمگە لايىق ئىش قىل .
32 . كېچىدە سۆزلىسەڭ بوش ۋە مۇلايىم سۆزلە ، كۈندۈزى سۆزلىسەڭ ئەتراپىڭغا بېقىپ سۆزلە .
33 . ئاز يېيىش ۋە ئاز سۆزلەشنى ئادەت قىل .
34 . ئۆزۈڭگە ياقمىغان نەرسىنى ئۆزگىگە زورلىما .
35 . ھەر ئىشنى ئاۋۋال ئويلاپ چارە ـ تەدبىر بىلەن قىل .
36 . ئۇقماي ئۇستازلىق قىلما .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

37 . خوتۇن ۋە بالىغا سىر ئېيتما .
38 . باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى تەمە قىلما .
39 . پەسكەشتىن ۋاپا كۈتمە .
40 . ھەرقانداق ئىشنى كەم ـ كۈتىسىز دېمە .
41 . قىلمىغان ئىشنى ھېساپقا ئالما .
42 . بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما .
43 . ئۆزۈڭدىن چوڭغا چاقچاق قىلما .
44 . ئۆزۈڭدىن چوڭغا ئارتۇق سۆزلىمە .
45 . كىشىلەرگە يامان كۆرۈنمەسلىككە تىرىش .
46 . ھاجەتمەن كىشىلەرنى نائۈمىد قايتۇرما .
47 . ئۆتكەن جاڭجالنى ئەسلىمە .
48 . باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئۆز ياخشىلىقىڭ بىلەن ئارىلاشتۇرما .
49 . بايلىقىڭنىڭ مىقدارىنى دوست ـ دۈشمەنگە بىلدۈرمە .
50 . قېرىنداشنى قېرىنداشتىن ئايرىما .
51 . ياخشى ئادەمنىڭ غەيۋىتىنى قىلما .
52 . پەقەت ئۆزۈڭنىلا ئويلىما .
53 . كۆپچىلىك قوزغالسا سەنمۇ ئۇلارغا ئەگەش .
54 . بارماقلىرىڭنى ئېغىز ۋە بۇرنۇڭغا تەگكۈزمە .
55 . ئادەملەرنىڭ ئالدىدا چىش كولىما .
56 . تۈكۈرۈك ۋە بۇرنۇڭنى يۇقىرى ئاۋازدا تاشلىما .
57 . ئەسنىسەڭ ئېغىزىڭنى قولۇڭ بىلەن توس .
58 . ئادەملەرگە قاراپ كېرىلمە .
59 . بارمىقىڭنى بۇرنۇڭغا تىقما .
60 . جىددىي سۆزنى چاقچاقتا ئارىلاشتۇرما .
61 . بىراۋنى بىراۋ ئالدىدا خىجىل قىلما .
62 . قاش ـ كۆزۈڭ بىلەن ئىشارەت قىلىپ چېقىمچىلىق قىلما .
63 . ئېيتقان سۆزۈڭنى تەكرارلىما .

64 . بىراۋنى مەنسىز كۈلدۈرۈشتىن ساقلان .
65 . ئۆزۈڭنى ۋە يېقىنلىرىڭنى باشقىلار ئالدىدا ماختىما .
66 . ئۆزۈڭنى ئاياللاردەك پەردازلىما .
67 . بالىلىرىڭ نىمە دېسە ، شۇنى قىلىپ بېرىۋەرمە .
68 . تىلنى ئايا .
69 . سۆزلەۋاتقاندا قولۇڭنى سىلكىمە .
70 . ھەممە ئادەمنى ھۆرمەتلەشنى ئۇنتۇما .
71 . ئىغۋاگەر ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما .
72 . ئۆلگەن ئادەمنى يامانلاپ تىلغا ئالما .
73 . ئىلاجىنىڭ بارىچە بىراۋ بىلەن ئۇرۇشما ۋە خۇسۇمەت ساقلىما .
74 . بىراۋنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى سىناپ يۈرمە .
75 . چوڭلارنىڭ ساۋاقلىرىنى ياخشىلىق بىلەن يادىڭدا تۇت ، گۇمانخور بولما .
76 . ئۆز نېنىڭنى باشقىلارنىڭ داستىخىنىدا يېمە .
77 . ئىشتا ئالدىراقسانلىققا يول قويما .
78 . مال ـ دۇنيا تاپىمەن دەپ ئۆزۈڭنى قىينىما .
79 . بىراۋ ئۆزىنى بىلمىسە ، سەن ئۇنى بىل .
80 . غەزىپىڭ كەلگەندە سۆزنى تاللاپ سۆزلە .
81 . ئېتىكىڭ بىلەن بۇرنۇڭنى سۈرتمە .
82 . قۇياش چىققۇچە ئۇخلاپ ياتما .
83 . باشقىلارنىڭ ئالدىدا نەرسە ـ كېرەك يېمە .
84 . چوڭلارنىڭ ئالدىدا ماڭما .
85 . باشقىلار سۆزلىگەندە سۆزىگە قوشۇق سالما .
86 . بېشىڭنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرما .
87 . كوچىدا ئوڭ ـ سولغا قاراۋەرمە ، ئالدىڭغا قاراپ ماڭ .
88 . ئىمكان بار يايداق ئۇلاغقا مىنمە .
89 . مېھماننىڭ ھۇزۇرىدا بىراۋغا غەزىپىڭنى چاچما .
90 . مېھماننى ئىشقا بۇيرۇما .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

91 . دىۋانە (ساراڭ) ۋە مەست بىلەن سۆزلەشمە .
92 . كوچىلاردا بىكارچى ۋە گەپ ئاڭلىمايدىغانلار بىلەن بىللە ئولتۇرما .
93 . پايدا ـ زىيانغا ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ ئابرۇيۇڭنى تۆكمە .
94 . مەمەدان ۋە تەكەببۇر بولما .
95 . باشقىلارنىڭ ساڭا خۇسۇمەت قىلىشىدىن قاچ .
96 . جېدەل ۋە پىتنىدىن قاچ .
97 . پىچاقسىز ، ئۇزۇكسىز ۋە پۇلسىز يۈرمە .
98 . ئۆزۈڭنى خارلىماسلىققا ئىنتىل .
99 . ئاددىي ـ ساددا ، كەمتەر بول .
100 . ئاللادىن قورقۇش ، خەلققە ئىنساپ قىلىش ، چوڭلارغا خىزمەت قىلىش ، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىش ، دەرۋىشلەرگە ساخاۋەت قىلىش ، دوست ـ يارەنلەرگە نەسىھەت قىلىش ، دۈشمەنگىمۇ سىلىق مۇئامىلە قىلىش ، جاھىللارغا سۈكۈت قىلىش ، ئالىملارغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن ياشا . بىراۋنىڭ مېلىغا تەمە كۆزى بىلەن قارىما .

# يۇم كۆزۈڭنى، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل

## جالالىددىن رۇمىي

*جالالىددىن رۇمىي مىلادىيە 1207 ـ يىلى خۇراساننىڭ بەلخ شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن دادىسى بىلەن بىللە ئىراق، سۇرىيە، مەككە ۋە مەدىنە قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سەلچۇقىيلار سۇلالىسىنىڭ كونيا شەھىرىدە تۇرۇپ قالغان ۋە مىلادىيە 1272 ـ يىلى شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ بۈيۈك ئالىم، ئۆلىما ۋە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب، پارس تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىمۇ زور شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ «دىۋانى ئەشئار»، «مەسنەۋى شەرىف» قاتارلىق نادىر ئەسىرى بار.*

* *

سۆز — لىباس، مەنە — ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سىر.

* *

بىر ئادەمنى تىرىلدۈرگەن ھەممىنى تىرىلدۈرگەنگە تەڭ، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ھەممىنى ئۆلتۈرگەنگە باراۋەر!

* *

ئۆز روھىي دۇنيايىڭنى ئىگىلەش بىر چاغلاردا ئىسكەندەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زۇلقەرنەيىنىنىڭ يەر يۈزىنى ئىشغال قىلغىنىدىنمۇ مۇشكۇلراق.

*　　*

ئىلمىي بەس ـ مۇنازىرىلەر ئىنسانلارنى كۆپىنچە بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ئەمما ساز ۋە ئۇسسۇل ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.

*　　*

هازىرغىچە سەنايى ۋە ئەتتارغا ئوخشاش سوپىلار ئايرىلىش — هىجراندىن سۆزلىشەتتى. بىزنىڭ سۆزىمىز — ۋىسال مەدھىيىسى، مانا بۇ ماهىيەت.

*　　*

ئايال دېگەن نىمە؟ بۇ — دۇنيا دېگەنگە ئوخشاش گەپ. بۇنى دېسەڭمۇ، دېمىسەڭمۇ ئۇ ئۆز تەبىئىتىنى تاشلىمايدۇ. سېنىڭ سەپسەتىلىرىڭ ئۇنىڭغا پەقەت زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

*　　*

چەكلەنگەن نەرسە ئىنساننى كۈچەپ ئۆزىگە تارتىدۇ.

*　　*

ئۇنىڭ قەلبىگە ياخشىلىق ئۇرۇقى تېرىلغان بولسا، مەنئى قىل ـ قىلما ئۇ ياخشىلىق يولىدا ماڭىدۇ.

*           *

سىنىڭ چەكلەشلىرىڭ ئۇنىڭ خاھىشلىرىنى كۈچەيتىدۇ، خالاس.

*           *

مۇھەببەت ۋە مۇرۇۋۋەت ئىنسانلىقتۇر، غەزەپ ۋە خىرس ھايۋانلىقتۇر.

*           *

ئاساسىي مەنىنىڭ ھېچكىمگە ئايان بولمىغىنى، دەخلىسىز ۋە ساپلىقچە قالغىنى ياخشى.

*           *

ئالىملىرىمىز ئۆز ئىملالىرىدا قىلنى قىرىق يېرىشىدۇ، لېكىن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئاساسىي نەرسىنى بىلىشمەيدۇ.

*           *

سەن ئىككى ئالەمگە باراۋەرسەن. ئەمما، ئۆز باھايىڭنى بىلمىسەڭ بولمىغىنى؟

*           *

سەن ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇشۇڭ مۇمكىن، پەقەت بىرلا نەرسىنى — دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ، شۇنى ئۇنتۇمىساڭ

بولغىنى .

* *

ئۆزۈڭنى ئەرزانغا ساتمىغايسەن ، باھايىڭ جەزمەن ئۈستۈن !

* *

سېنىڭ بەختىڭنى تىلىگەن كۆڭۈللەرگە جاراھەت سالمىغايسەن .

* *

قۇياشنىڭ دۈشمىنى تام تۆپىسىگە چىقىۋېلىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ، قۇياش پاتتى دەپ ئويلارمىش .

* *

ھەقىقەت ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ .

* *

ئەبەدىيەت سۈيىنى ئىچىپ ، ئەبەدىي ئۇيقۇغا چۆكمىدۇق . بىز زاماننىڭ جېنى ، دىلى ، بەلكى بايرىقىدۇرمىز .

* *

مەن خوجايىنلارغا ئازادلىق خېتى بەرگۈچى قۇل ، ئۇستازلارغا ئۇستاز بولغۇچى شاگىرت .

*　　*

دۇنياغا تۇنۇگۇنلا كەلدىم ، لېكىن دۇنيانى گۇللەندۇرۇش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىمەن .

*　　*

قەلبىنىڭ قايناق قازىنىدىن قانلىق كۆپۈك چاچراتقايمەن ، ئىككى ئالەم سىرىنى بىر سۆز بىلەن ئاچقايمەن .

*　　*

بۇ دۇنيا پانىي ۋە باقىيدۇر . قانداقلا بولسۇن ، پانىي بولغانىكەن ، ئاز - ئازدىن كېتىدۇ ، باقىيلارمۇ ئاز - ئازدىن كېتىدۇ .

*　　*

ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەر بىلەن سودا قىلىدىغان سېتىقچىلارنىڭ زامانى ئۆتتى . بىز يېڭى رەختلەر بىلەن سودا قىلىمىز . بازار — ئۆزىمىزنىڭ .

*　　*

بىز ھەممىمىز بىر تۈپ دەرەخنىڭ شاخلىرى ، بىر قوشۇننىڭ جەڭچىلىرىمىز .

*　　*

بىز شۇنى كۆردۇقكى ، ھەممە خۇشاللىق ، ئۇلۇغۋارلىق ئاشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەلق ئارىسىدا — ئادەملەر جەمئىيىتىدە ئىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ خەلققە جان تىكىپ خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىدۇق .

* *

بىز سۇدەك ئېقىپ ئۆتىمىز ، ئەمما خەلقنىڭ قېنىدا مەيدەك ياشايمىز . هامان بىر كۈنى پۈتىمىزنى سۇنۇپ تۇپراقتا ياتساقمۇ ، خۇددى كېمىگە چۈشۈپ يەلكەن ئاستىدا يىراقلارغا سەپەر قىلغان سەيياهتەك دائىم ئەمەلىي هەرىكەتتە بولىمىز .

* *

مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش كېرەك .

* *

مەن تەختتىن تاۋۇتقا سەكرەيدىغان سۇلتانلاردىن ئەمەسمەن ، مېنىڭ پېشانەمدە ئەبەدىيەت مۆهرى چاقنايدۇ .

* *

قۇياش پاتسا يەنە پەيدا بولىدۇ ، يەرگە دان تۆكۈلسە ، ئۈنۈپ چىقىدۇ .

* *

يەتمىش ئىككى پىرقە (خەلق ) مەندىن بىلىم ئۆگىنىدۇ . مەن بىر نەيدۇرمەنكى ، هەر بىر پەدىدىكى سازىمدا يۈزلەپ سادالار ياڭرايدۇ .

*　　*

ئۆلۈم ئاشىققا ياتتۇر ، تۇغۇلۇشقا جۇرئەت قىلىڭ .

*　　*

يۇم كۆزۈڭنى ، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ياخشى خۇلق — ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى

## ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي

ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد بىرۇنىي مىلادىيە 973 ـ يىلى خارەزمدە دۇنياغا كەلگەن، مىلادىيە 1048 ـ يىلى 12 ـ ئايدا غەزنە شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

*ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي دۇنياۋى ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر بولۇپ، تارىخ، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا ۋە گېئوگرافىيە پەنلىرى بويىچە نۇرغۇن ئەسەر يازغان. «قەدىمكى خەلقلەردىن قالغان يادىكارلىقلار»، «ھىندىستان» قاتارلىقلار ئۇنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.*

* *

خەۋەرگە يالغان ـ ياۋىداقلار قوشۇلمىغاندا ئىدى، ئۇ كۆرگەنگە نىسبەتەن ئارتۇقراق ئورۇندا تۇرغان بولار ئىدى.

* *

قەلەمنىڭ مەڭگۈلۈك ئىزلىرى بولمىغاندا خەلقلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى نەدىن بىلەتتۇق؟

* *

خەۋەر خەۋەر بەرگۈچىلەر سەۋەبىدىن راست ۋە يالغانلىق

تۇسنى ئالىدۇ .

*      *

يالغانچىلىقتىن يېنىپ ، راستچىللىقا يۈزلەنگەن كىشىنى باشقا ئادەملەرلار ئەمەس ، ھەتتا يالغانچىمۇ سۆيۈپ ماختايدۇ .

*      *

راستچىللىقنىڭ شېرىن ئىكەنلىكىنى تېتىمىغان ياكى شېرىن ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ تېتىشنى خالىمىغان كىشى ئۇنى سۆيمەيدۇ . مەسىلەن ، يالغانچىلىق بىلەن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بىرىدىن «سەن بىرەر ئېغىز راست گەپ قىلىپ باققانمۇ» دەپ سورىغاندا ، ئۇ : «راست گەپ قىلىشتىن قورقىمىسام ، ياق دەر ئىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن .

*      *

يالغانچىلىق كىشىنى ئادالەتتىن يۈز ئۆرۈتىدۇ ، ئۇ زۇلۇم ، يالغان گۇۋاھلىق ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ، باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ھىيلە بىلەن ئېلىۋېلىش ، ئوغرىلىق قىلىش ھەمدە دۇنيا ۋە خەلقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان باشقا يامان ئادەتلەرنى كىشىگە ياخشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ .

*      *

بىلىمسىزلىك — داۋاسى يوق بىر كېسەللىكتۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*         *

ھەق ۋە توغرا چۈشەنچىدىن باشقا ئېتىقادلار ھەقىقەتتىن يىراقتۇر .

*         *

دانىشمەن ۋە ئالىملارنىڭ خىسلەتلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش ، ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ ، يامان ئادەتنى يوقىتىدۇ .

*         *

كىچىك نەرسىگە ئېتىبارسىز قارىما ، ئۇنىڭمۇ پايدىلىق ئورنى بار .

*         *

ياخشى خۇلق — ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر .

*         *

باراۋەرلىك ھۆكۈم سۈرگەن يەردە ساتقىن ، ئالدامچى تۈيغۇلار ۋە غەم ـ غۇسسە بولمايدۇ .

*         *

بىلىم — قايتۇرۇش ۋە تەكرارلاشنىڭ مېۋىسىدۇر .

*　　*

ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ مىننىتى قىلغان ياخشىلىقنى يوققا چىقىرىدۇ.

*　　*

بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خۇراپاتقا مايىل بولىدۇ.

*　　*

يالغان دائىم راستتىن يېڭىلىدۇ، ئۇ خۇددى سۇنىڭ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك يوقىلىدۇ.

*　　*

دائىم بىر خىل نەرسىگە قاراۋېرىش — بىئاراملىق ۋە سەۋرسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

*　　*

بۈگۈننىڭ تەدبىرى سەۋەبىدىن ئەتىنىڭ تەدبىرىگە ئېھتىياجى قالمىغان كىشى ئەقىللىقتۇر.

*　　*

سانلار «بىر»دىن تەركىب تاپىدۇ ۋە «بىر»گە بېرىپ تامام بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　　*

ھەربىر ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ ئۆز ئىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە بېجىرىشىدە ئىپادىلىنىدۇ .

*　　*

ئىنسان ھاياتىدىكى زۆرۈرىيەت ، ئېھتىياجلار ئۇلارنىڭ ئىلىملەرگە بولغان تەلەپلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . شۇ ئېھتىياجلارغا ئاساسەن ئىلىملەر ھەرخىل تارماقلارغا بۆلۈندى . ئىلىملەرنىڭ پايدىسى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش توپلاش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشتۇر .

# خۇلقۇڭ بىلەن جاھاننى ساز قىل

## نىزامىي گەنجىۋى

*ئەبۇ مۇھەممەد ئىلياس ئىبنى يۇسۇپ نىزامىي گەنجىۋى (1141 ـ 1209) شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدىغان ئەزەربەيجان شائىرى . ئۇ نۇرغۇن غەزەل ، قەسىدە ، رۇبائىي ۋە پارچىلارنى يېزىش بىلەن بىللە «خەمسە» يېزىپ زور شۆھرەت قازانغان . ئۇ ئۆز «خەمسە»سىدە ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ، ئەخلاقىي ، سىياسىي قاراشلىرى ۋە ئىستېتىك غايىسىنى چوڭقۇر يورۇتۇپ بەرگەن . نىزامىي ئۆز ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان بولسىمۇ ، تۈركىي خەلقلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن .*

*　　*

باشقىلارنىڭ قولى بىلەن گۆھەر كولىما ، ئەگەر سەن ھايات بولىدىكەنسەن ، ئۆز پۇت ـ قولۇڭنى ئىشقا سال .

*　　*

ساڭا خىجالەت كەلتۈرىدىغان ئەمەس ، بەلكى شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　　*

ئاۋۋال بىلىپ ئاندىن سۆزلە ، ئالتۇن تېپىپ ئاندىن خەجلە .

*　　*

مۇھەببەتسىز كىشى خۇددى مۇزغا ئوخشايدۇ .

*　　*

خۇلقۇڭ بىلەن جاھاننى ساز قىل .

*　　*

ئەگەر بىلىك باشقا غەم ـ ئەلەم كەلتۈرەر ، توغرىلىق بارلىق غەملەرگە خاتىمە بېرەر .

*　　*

ئەگرى يولدىن ئۆزۈڭنى تارتساڭ ، توغرا يولدا مەقسەت سېنى كۈتىدۇ .

*　　*

باشقىلارنىڭ ئەيىبىگە نەزەر سېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭ ئىبرەت ئال .

*　　*

ئىككى يۈرەك قوشۇلسا تاغلارنىمۇ تالقان قىلىدۇ .

*   *

ئادەم بولساڭ ئادەمگە ئېلىش .

*   *

ياشلىق دادىللىقتا تاجدۇر .

*   *

ھەممە گۈل مېۋە بەرمەس ،
ھەممە قومۇش شېكەر بەرمەس .

*   *

ئەر نېمە تىكسە ، شۇنى ئورۇيدۇ .

*   *

ئۆلۈمدىن كېيىنكى دورا شىپا قىلماس .

*   *

دەۋانىڭ كۆپىنچىسى ئاچچىق بولىدۇ .

*   *

قارا كېچىدىن كېيىن ئاپئاق تاڭ ئاتار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*　　*

دۇنيادا ئىچىلمايدىغان سىر ، يېشىلمەيدىغان تۈگۈن يوق .

*　　*

ئەجدادلار تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى ئەۋلادلار يەيدۇ .

*　　*

ئاز ياخشى — كۆپ ياماندىن ياخشى .

*　　*

باشقىلارنىڭ پۇتىدا يول يۈرۈپ بولماس .

*　　*

بىلمىسىزنىڭ ئىشى يارىماس .

*　　*

هۈنەر ئۆگەنگەن كىشى يېپىق ئىشىكلەرنى بىر - بىرلەپ ئاچار .

*　　*

داۋاسىز كېسەللىكنىڭ داۋاسى — چىدام .

*          *

مەن ئۆيقۇغا كەتسەممۇ سەن ئويغاق بول .

*          *

ياخشىلار بىلەن سۆھبەتتە بولساڭ ئىشلىرىڭ ياخشىلىقتىن روناق تاپار .

*          *

ئارماندا قالماي دېسەڭ ياماندىن يىراق بول .

*          *

ئەسلى ياماندىن ھېچكىمگە ۋاپا كەلمەيدۇ .

*          *

ئىشىك يايقۇچى ئەمەس ، ئىشىك ئاچقۇچى بول .

*          *

ياۋلار ماڭا ھۇجۇم قىلسا ئىلىم ۋە ھۈنەر مېنىڭ سايىۋەن قالقىنىمدۇر .

*          *

ئاز ـ كۆپ بولسىمۇ ئۆز داستىخىنىڭدىكى ناننى يېگىن ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشقىلارنىڭ ھالىۋسىنى يېگەندىن ياخشىدۇر .

*　　　*

باشتا تۈگمەن تېشى ئايلانسىمۇ ، دوستىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم ئەمەس .

*　　　*

ئەقىللىق دۈشمەننىڭ ئەقىلسىز دوستتىن يۈز ھەسسە ئەلا .

*　　　*

نادان تىل نالايىق سۆزلىسە ئۇنىڭغا سۈكۈت بىلەن جاۋاب بەرگىن .

*　　　*

سۆزۈڭگە چاۋاك چېلىنىپ تۇرسىمۇ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىش ياخشىدۇر .

*　　　*

ئاڭلىغىنىڭنى سۇ كەبى يۇيۇپ تاشلا ، كۆرگىنىڭنى ئەينەك كەبى سۆزلە .

# ئىلىملىك ئادەمگە ئۇلۇغلۇق ھەمدەم

## خۇسرەۋ دېھلەۋى

*يەمىنىددىن ئەبۇلھەسەن خۇسرەۋ دېھلەۋى (1253 — 1325) ھىندىستان، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى. تىل، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا پەنلىرى بويىچە يېتىلگەن تالانت ئىگىسى. ئۇنىڭ دادىسى تۈركىي خەلقلەردىن بولۇپ، ھىندىستانغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.*

*خۇسرەۋ دېھلەۋىنىڭ ئەدەبىي مىراسى غايەت زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرى بەش دىۋانغا جەملەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بەش داستاندىن تەركىب تاپقان «خەمسە» ۋە باشقا ئېپىك داستانلىرى بار.*

*        *

ئىش ۋاقتىدا غاپىل بولساڭ، ئۇنىڭ مېۋىسى پۇشايمان بولۇر.

*        *

نادانلىق زىندانىغا مەھكۇم بولغان ئادەم يۈز كوزا تىللاسى بولسىمۇ گادايدۇر.

*        *

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەرچە بېشىنى يۈز خىل ھىيلە بىلەن ئورىۋالسىمۇ ، قۇرۇق ئالىم دەرھال ئۆزىنى پاش قىلىدۇ .

*　　*

دەرەخ بىرلا شاختا مېۋە بەرسىمۇ ، ئۇ مېۋىسىز باغدىن مىڭ ياخشى .

*　　*

يامان ئىشتىن ئۆزىنى يىغمىغان ئادەم ئۆز قىلمىشىدىن جازاغا تارتىلىدۇ .

*　　*

بەزىدە ياشلارنىڭ سىپىدە بول ، ئەمما ئىشنىڭ تەدبىرىنى چوڭلاردىن ئىزدە .

*　　*

ئايال ئاقىل ، ئەر ئىش بىلەرمەن بولسا ، ئۆي كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋات بولىدۇ .

*　　*

توغرا ئويلاپ ، توغرا ئىش قىلغان ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئىشى مۇستەھكەمدۇر .

*　　*

گۆرنىڭ ئۈستىنى گۈل قاپلاپ، ياشناپ تۇرسىمۇ، لەھەت ئىچىدە قۇرۇپ ياتقان گۈلگە قارا.

*　　*

سۆزمەنلىك دىلغا دىشۋاردۇر.

*　　*

مېھنەت بىلەن باياۋانغا قەدەم قويغان ئادەم خەزىنە ئاچقۇچىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

*　　*

ئۇلۇغلۇق شەرىپىنى ئىزدىگەن ئادەم كىچىكلەرگە ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت قىلىدۇ.

*　　*

خالايىقنىڭ ئېغىزىنى يېپىشتىن دېڭىزغا كۆۋرۈك سېلىش ئاسانراق.

*　　*

ئىنسان يىراق يوللارنى كەزمەي تۇرۇپ يېقىنلارنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*　　　*

تۆگە خورمىزارغا كىرسە تىكەن يېسىمۇ ئېغىزى لەززەت تاپار .

*　　　*

دۇنيادىن بەخت ـ سائادەت ئىزدىسەڭ قېرىنداشلىرىڭنىڭ دىدارىغا باق .

*　　　*

ھەرنىڭ چېقىشىدىن قورققان ئادەم ھەسەلنى پەقەت يىراقتىنلا كۆرەلەيدۇ .

*　　　*

سەنئەتنى مال ـ دۇنيا بىلەن ئۆلچىگەن ئادەم گۆھەرنى ساپال بىلەن ئوخشاش كۆرىدۇ .

*　　　*

نامەرد خەزىنىدە بەختسىزلىكتىن ئۆلىدۇ ، مەرد ئاددىي تاشتىنمۇ ياقۇت ئالىدۇ .

*　　　*

كۆزدەك بىر ـ بىرىڭگە يات بولماي ، لەۋدەك مەھكەم ـ ئىناق بول .

*　　*

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمىغان ئادەم بۇ دۇنيادا غالىب پاشايدۇ .

*　　*

چىۋىننى قىلىچ بىلەن چېپىش مۇمكىن ئەمەس .

*　　*

تۆگمەن يۈز يىل ئايلانسىمۇ دەريادا بىر قەترە سۇ كېمەيمەس .

*　　*

سەن ئويۇنچۇق ئەمەس ، ئاچقۇچ بولۇپ تۇغۇلدۇڭ .

*　　*

ئۆز قانىتىڭ بولمىسا ئۇچمىقىڭ قىيىن .

*　　*

ئەگەر كىمنىڭ ساخاۋىتى يۇقىرى بولسا ، ئەسكى كىيىم بىلەنمۇ ئىززىتى يۇقىرىدۇر .

*　　*

ئەگەر ئىلىمنىڭ رىغبىتى سەندىن يىراق بولسا ، سەن قاراڭغۇ كېچىدىكى چىراغسىز ئادەم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*　　　*

ئەگەر ئەقىل پىنھان خەزىنە بولسا ، ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئېغىزدىكى تىل .

*　　　*

ئىلىملىك ئادەمگە ئۇلۇغلۇق ھەمدەم .

*　　　*

يىپ ئۈزۈلسە ئۇلىغىلى بولىدۇ ، ئەمما ئوتتۇرىدا تۈگۈن قالىدۇ .

*　　　*

ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ھۆسنىدە ئەمەس .

*　　　*

ياخشى سۆز دۈشمەنلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .

*　　　*

شەمشەر يىگىتنىڭ ئىشىنى قىلالماس .

*　　　*

ئەخمەق قۇش پىشقان نەرسىلەردىن قاچار .

* *

قۇلۇپمۇ ، ئاچقۇچمۇ تۆمۈردىن ياسىلىدۇ .

* *

نامىڭنى ياخشىلىققا باشلايدىغان يولغا كىر .

* *

بايلىقنىڭ كۆپىيىشى ھۈنەردىن .

* *

ئەگەر سەن ھوشيار بولساڭ جاھان سايەڭدە ئۇخلايدۇ .

* *

پۇشايماندا قالماي دېسەڭ ، زېرەكلەرنىڭ نەسىھىتىدىن مەسلىھەت ئىزلە .

* *

ئەقىل ئوقى ئالەمنى ئالار .

* *

دوستلار دىدارىنى غەنىيمەت بىلگىن .

* *

يۈزى چىرايلىق ، خۇلقى سەت كىشى ئىملاسى خاتا خۇشخەتكە ئوخشايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاز ـ ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر

## ئەلىشىر نەۋائىي

دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي 1441 ـ يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى خۇراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى ھىراتتا تۇغۇلۇپ، 1501 ـ يىلى شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆز ھاياتىدا «خەمسە» («داستانلار توپلىمى»)، «خەزايىنۇل ـ مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى»)، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» («سەنئەتكارلار يىغىلىشى»)، «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» («ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە»)، «لىسانۇت ـ تەير» («قۇش تىلى»)، «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب» («قەلبلەر سۆيگىنى») قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ يەنە نۇرغۇن ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكارلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

*　　　*

ۋاپاسىزدا ھايا يوق، ھاياسىزدا ۋاپا يوق.

*　　　*

ئېغىزىغا كەلگەننى دېمەك — ناداننىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېمەك — ھايۋاننىڭ ئىشى.

*　　　*

ئاز ـ ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر ، تامچە ـ تامچە يىغىلىپ دەريا بولۇر .

*　　　*

ياسانچۇق مەردانە بولماس ، كىيىنەك پەرۋانە بولماس .

*　　　*

نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن نەپسانىيەت مەنزىلىدە توختايدۇ .

*　　　*

ئۆزىنى ماختىغان ئادەم — ئەقىلسىزدۇر .

*　　　*

كۆپ سۆزلىگەن — كۆپ يېڭىلىدۇ .

*　　　*

تەكەببۇرلۇق — شەيتانىنىڭ ئىشى ، مەنمەنلىك — نادانىنىڭ ئىشى .

*　　　*

ساخاۋەت — ئىنسانىيەت بېغىنىڭ مول ھوسۇللۇق دەرىخىدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*          *

ساخاۋەتسىز ئادەم يېغىنسىز بۇلۇتقا، پۇرىقى يوق ئەنبەرگە ئوخشايدۇ.

*          *

ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ مال ـ دۇنياسى — ساخاۋەتتۇر.

*          *

ئادەم بىر تەن بولسا، ساخاۋەت ئۇنىڭ جېنىدۇر.

*          *

ئىنساپ قىلىش — سېخىيلىق ئەمەس.

*          *

پاسىق ئالىم — ئۆزگە زالىم.

*          *

ئىلىم ئۆگىنىش ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈندۇر.

*          *

ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم — ئۇستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەككە ئوخشايدۇ.

*         *

نادانىنىڭ ئۆگۈتىدە خاتا بار ، دۈشمەن نەسىھىتىدە ئالداش بار .

*         *

ياخشى سۆز — ۋەھشىيلەرنى ئۈلپەتكە ئايلاندۇرار .

*         *

سۆزى ھېسابسىز — ئۆزى ھېسابسىز .

*         *

يامان خەۋەرنى راست بولسىمۇ دوستۇڭغا يەتكۈزمە .

*         *

قىممىتى ئازنىڭ ھۆرمىتى ئاز .

*         *

ئىشتا ئالدىرىغان كۆپ تېيىلىدۇ ، كۆپ تېيىلغان كۆپ يىقىلىدۇ .

*         *

ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان — يەرنى ھەيدەپ ئۇرۇق سەپمىگەنگە باراۋەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*　　*

بىلىمگەننى سوراپ ئۆگەنگەن — ئالىم ، تارتىنىپ سورىمىغان — ئۆزىگە زالىم .

*　　*

ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بىۋاپا ئادەم — ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدىغان ۋاپادار ئىتتىن پەستۇر .

*　　*

ياخشى ئادەم يامانلاردىنمۇ ياخشىلىقنى ئايىماس .

*　　*

ياخشىلىق قىلالمىساڭ — يامانلىقمۇ قىلما . ياخشىلىق قىلىشنى بىلمىسەڭ ياخشىلارغا قوشۇل .

*　　*

ساغلام بولاي دېسەڭ كۆپ يېمە ، ئىززەت تاپاي دېسەڭ كۆپ دېمە .

*　　*

هاياسىز — دوستلۇققا يارىماس ، ناپاك — سىرداشلىققا .

*　　　*

پاسقتىن هايا تىلىمە ، زالىمدىن ۋاپا .

*　　　*

نادان دوستنى دوست سانىما .

*　　　*

ياخشىلارنىڭ ھۈنىرى — سۆزىدە .

*　　　*

پەسكەش ماختانغان بىلەن بۈيۈك بولماس .

*　　　*

توقلۇقنىڭ تېگىدە غەپلەت بار .

*　　　*

توقلۇق ھېرىسىن كۆڭۈلدىن يوق قىل ،
ئۆزۈڭ ئاچ بولۇپ ، بىر ئاچنى توق قىل .

*　　　*

يالغانچى — ئادەم ئەمەس ، يالغان سۆزلەش ياخشىلارنىڭ ئىشى ئەمەس .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

*　　　*

تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىر تۇت .

*　　　*

ئېيتار سۆزنى ئېيت ، ئېيتماس سۆزدىن قايت .

*　　　*

دانا ئادەم قولىدىن كەتكەن نەرسە ھەققىدە سۆزلىمەس .

*　　　*

ئەلنىڭ گېپىدىن يامانلىق ئاختۇرما .

*　　　*

سەۋر — ئۇزاقنى كۆزلىگەن ئۇلپەتتۇر .

*　　　*

كەمتەرلىك — خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى جەلپ قىلىدۇ .

*　　　*

ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك — مېھىر - مۇھەببەتنىڭ زىبۇ زىننىتىدۇر .

*            *

ئەدەپ ئۆرۈقىنى ئېككەن ئادەمنىڭ ھوسۇلى — جاۋاھىردۇر .

*            *

كىمكى ئۆزىنى ماختىسا بۇ ئەخمەقلىقتۇر .

*            *

ئۆزىنى ماختاش — بەختسىزلىكتۇر .

*            *

ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ئەڭ گۈزەل دەرىخى — ياخشىلىقتۇر .

*            *

ۋاپا شۇنداق ئېسىل گۆھەركى ، ئۇ ئىنسانىيەت تاجىغا زىننەتتۇر .

*            *

ياخشىلىق بىلەن سېخىيلىق ئاتا بىلەن ئانىغا ئوخشايدۇ .

*            *

دوست دىدارىنى كۆرۈشنى ئىستىسەڭ — ئاشىق بول .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*　　*

كۆڭۈل بەدەن مۈلكىنىڭ پادىشاھىدۇر .

*　　*

مۈشۈكنى پەرۋىش قىلماق — كەپتەر ئۈچۈن ئاپەتتۇر .

*　　*

كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى — تىل .

# ھەقىقىي بايلىق — روھىي بايلىقتۇر

## مۇھەممەد بۇخارىي

## «سەھىھۇل بۇخارىي جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلا- نىي شەرھى» ناملىق كىتابتىن

*بۇ كىتاب مىسىر پادىشاھلىق مەدرىسىلىرىنىڭ مۇدەررىسى مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ بۇخارالىق مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىم ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد بۇخارىي (810 — 870) توپلىغان سەھىھ (ئىشەنچلىك، نادىر) ھەدىسلەر ۋە مىسىرلىق ئەھمەد قەستەلانىي (1448 — 1517) نىڭ شەرھلىرىدىن تەركىب تاپقان. ھەدىس — ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇش بىلەن بىللە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرى، دىنىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە مىللىي ئەدەپ - ئەخلاق ئەھكاملىرىنىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ.*

### ياخشى ھەمراھ ئىزدەش توغرىسىدا

بۇردە ئىبنى ئەبى مۇسا ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلايھىسسالام مۇنداق دىگەن: ياخشى ھەمراھ خۇددى ئىپار ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. ناچار ھەمراھ خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكىگە ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىنىڭ ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىپاردىن سىپتۇۋالسەن ، ياكى ئىپارنىڭ خۇشبۇيىنى پۇرايسەن. تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكى بولسا بەدىنىڭنى يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇرنۇڭغا كىرىدۇ .

## ھەق گەپ قىلىش توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ھەق گەپ ئېگىسىنىڭ سۆزلەشكە ھەققى بار ، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئەڭ توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان ئادەم ئەڭ ئوبدان ئادەمدۇر .

## ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ، راستچىللىق ۋە ئىشەنچ توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ ، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ .

## دەتالاش ۋە ئىختىلاپ قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى توغرىسىدا

سەئىد ئىبنى بۇردە ئاتىسىدىن ، ئاتىسى سەئىدنىڭ چوڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى يەمەنگە ئەۋەتكەن چېغىدا ئۇلارغا مۇنداق دېگەن : ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار ، قىيىنلاشتۇرماڭلار ، كىشىلەرگە بېشارەت بېرىڭلار ، ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار ، ئىناق بولۇڭلار ، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار .

## ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ : ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ۋاپاسىز دېگەن بايراق تىكلىنىدۇ .

## ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادەم توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ : بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ، ئى روسۇلىللا ، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم ؟ دەپ سورىدى . روسۇلىللا : ئاناڭ ، دەپ جاۋاب بەردى . ئۇ ئادەم ، ئاندىن قالسىچۇ ؟ دەپ سورىدى ، روسۇلىللا : ئاناڭ ، دېدى . ئۇ ئادەم ، ئاندىن قالسىچۇ ؟ دەپ سورىدى . روسۇلىللا : ئاناڭ ، دېدى . ئۇ ئادەم ، ئاندىن قالسىچۇ ؟ دەپ سورىدى ، روسۇلىللا : ئاندىن قالسا ئاتاڭ ، دېدى .

## كىشىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىماسلىقى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئىبنى ئەمىر رىۋايەت قىلىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : كىشىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى قارغىشى ئەڭ زور گۇناھ ھېسابلىنىدۇ ، دېگەن . ئى روسۇلىللا ، كىشى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى قانداقمۇ قارغايدۇ ؟ دەپ سورىغان كىشىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : بىر ئادەم بىراۋنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ ـ دە ، ئۇ ئادەممۇ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللايدۇ ، دېگەن .

## ياخشى ئىش ۋە ياخشى سۆزنىڭ سەدىقە ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رىۋايەت قىلىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ياخشى ئىش ، ياخشى سۆزلەر سەدىقە ھېسابلىنىدۇ .

## تىللاش ۋە قارغاش توغرىسىدا

ئەبۇ زەر رىۋايەت قىلىدۇكى ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان : كىمكى يەنە بىر ئادەمنى پاسىق ۋە كاپىر دەپ تىللايدىكەن ، تىللانغان ئادەمدە مەزكۇر سۈپەتلەر بولمىسا ، بۇ تىللىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە يېنىپ قالىدۇ .

## غەزەپتىن ساقلىنىش توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : چېلىشقاندا يەڭگەن ئادەم نوچى ئەمەس ، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ئادەم ھەقىقىي نوچىدۇر .

## ھايا قىلىش توغرىسىدا

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رىۋايەت قىلىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن : ھايا بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ .

## ئاز سانلىقنىڭ كۆپ سانلىققا سالام
## بېرىشى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كىچىك بالىلار چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام قىلىشى كېرەك. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇلاغلىق ئادەم پىيادىگە سالام قىلىشى كېرەك، دېيىلگەن.

## روھىي بايلىقنىڭ ھەقىقىي بايلىق
## ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مالنىڭ كۆپلۈكى بايلىق ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق روھىي بايلىقتۇر.

## ئىككى يۈزلىمىلىكنىڭ يامانلىقى
## توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئۇلارغا بىر خىل، بۇلارغا بىر خىل باقىدىغان ئىككى يۈزلىمە ئادەم كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ يامان ئادەمدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەخلاقلىق ئادەم يالغۇز قالمايدۇ

## كۇڭزى

كۇڭزى جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇلۇغ مائارىپچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادىمۇ زور تەسىرگە ئىگە شەخس. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 551 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 479 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن بىلىم ئىگىلەپ، خېلى كەڭ دائىرىدە ئاقارتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. نەتىجىدە كىشىلەر تەرىپىدىن يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىلىم ئىگىسى، بۈيۈك ئۇستاز دەپ قارىلىپ، چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. «مۇھاكىمە ۋە بايان» ئۇنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرى.

* *

بىلىم ئالغاندىن كېيىن ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى پىششىقلاپ تۇرۇشمۇ بىر خىل ياخشى ئىش. يىراقتىكى دوستۇڭنىڭ ھۇزۇرىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشى نېمىدېگەن خۇشاللىق! باشقىلارنىڭ مېنى چۈشەنمەسلىكىدىن رەنجىمەيمەن، بۇمۇ بىر ئالىيجانابلىق ئەمەسمۇ؟

* *

تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىدىغان، خۇش چىراي كۆرۈنىدىغان ئادەملەردە مېھىر ـ شەپقەت ئاز ئۇچرايدۇ.

*　　　*

مەن ھەركۈنى بىرنەچچە قېتىم خاتالىقلىرىم ئۈستىدە ئويلىنىپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە : «ئوي ـ پىكرىمدە سەمىمىيەت بارمۇ ، يوقمۇ ؟ دوستلىرىمغا تولۇق ساداقەتمەنمۇ ، يوقمۇ ؟ ئۇستازلىرىمنىڭ ئۆگىتىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇممۇ ، يوقمۇ ؟ » دەپ سوئال قويۇپ ، ئۆزۈمنى سىناپ تۇرىمەن .

*　　　*

ياشلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرغاندا ئۇلارغا كۆيۈنۈشى ، ئائىلىدىن ئايرىلغاندا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشى ، ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئېھتىياتچان بولۇشى ، گەپ ـ سۆزدە سەمىمىي بولۇشى ، باشقىلارنى ئاسرىشى ، پەزىلەتلىك ئادەملەرگە يېقىن تۇرۇشى كېرەك . ئۇنىڭدىن كېيىن ئەگەر زېھنى يار بەرسە بىلىم ئىگىلىشى كېرەك .

*　　　*

پەزىلەتلىك كىشىلەر تائامنى زىيادە يېمەسلىكى ، يېتىپ ـ قوپۇشتا راھەت قوغلاشماسلىقى ، ئىشتا زېرەك بولۇشى ، سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇشى ، ھەر ۋاقىت پەزىلەتلىك كىشىلەردىن ئۆگىنىپ تۇرۇشى ، شۇنداقلا يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىپ تۇرۇشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا تىرىشچان بولغىلى بولىدۇ .

*　　　*

باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشەنمەسلىكىدىن رەنجىمەي ، ئۆزىنىڭ باشقىلارنى چۈشەنمەسلىكىدىن ئەنسىرەش كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

*          *

زىيۇ كۇڭزىدىن «بۇرچ دېگەن نېمە» دەپ سورىدى، كۇڭزى مۇنداق دېدى:

— ھازىر كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقان بۇرچ پەقەتلا ئاتا ـ ئانىنى بېقىشقىلا قارىتىلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئىت، ئاتلارمۇ ئادەملەرنىڭ بېقىشىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن ھۆرمەت بولمىسا، ئۇنداقتا ئاتا ـ ئانىلارنى بېقىش بىلەن ئىت ۋە ئاتنى بېقىشنىڭ نېمە پەرقى بار؟

*          *

كونىسىنى تەكرارلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچىدىن يېڭى چۈشەنچە، يېڭى نەتىجە ھاسىل قىلالىغان كىشى ئۇستاز بولالايدۇ.

*          *

زىگۇڭ كۇڭزىدىن:

— قانداق ئادەم پەزىلەتلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

كۇڭزى مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— دېمەكچى بولغانلىرىنى ئاۋۋال ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن سۆزلىگەن ئادەم پەزىلەتلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

*          *

كىتابنى ئوقۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، كاللا ئىشلەتمەي مۇلاھىزە قىلمىغاندا قايمۇقۇپ قالىدۇ. چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغان بىلەن كىتاب ئوقۇمىسا دەرگۇماندا قېلىپ ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى

بولمايدۇ .

*　　*

پۈتۈن نىيىتى بىلەن نۇقسانلارنىلا تەتقىق قىلىدىغان تەلىمات خەتەرلىكتۇر .

*　　*

كۈڭزى شاگىرتى زىيۇغا مۇنداق دېدى :
— مەن ساڭا بىلىشنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەي ، نېمىلەرنى بىلىدىغان ، نېمىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىش — بىلىش دېمەكتۇر .

*　　*

ئادەمدە مېھرىبانلىق بولمىسا قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ئۇنىڭغا نېمە كېرىكى بار ؟ ئادەمدە مېھرىبانلىق بولمىسا مۇزىكىنىڭ ئۇنىڭغا نېمە كېرىكى بار ؟

*　　*

مېھرىبان ئادەملا ساداقەتمەنلىك بىلەن باشقىلارنى سۆيەلەيدۇ ، شۇنداقلا ئەستايىدىللىق بىلەن باشقىلاردىن نەپرەتلىنەلەيدۇ .

*　　*

ئەگەر سەممىيلىك بىلەن مېھرىبانلىق كۆرسەتسە ، ئادەم نەپرەتلىنىدىغان ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

* *

كىشىلەرنىڭ خاتالىقى كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشىمايدىغان تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ، پەقەت بىر ئادەمنىڭ خاتالىقىغا قاراپ باقساقلا ئۇنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەملىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

* *

ھەقىقەتنى كۆزلەپ ئىزدىنىدىغان، لېكىن پاراۋان كۈن كەچۈرەلمىگەنلىكىدىن نومۇس قىلىدىغان كىتابباز بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئەرزىمەيدۇ.

* *

ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنىلا چىقىش قىلىپ ئىش قىلغاندا ئاسانلا باشقىلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

* *

كەسپىي ئورۇننىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرىمەي، كەسپىي ئورۇنغا خاس قابىلىيەتنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرەش كېرەك. ئۆزىنى چۈشىنىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرىمەي، بەلكى ئۆزىدە باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئەرزىگۈدەك قابىلىيەتنىڭ بار ـ يوقلۇقى ھەققىدە ئىزدىنىش كېرەك.

* *

دانىشمەنلەرنى ئۇچراتقاندا ئۇلاردىن ئۆلگە ئېلىش كېرەك.

نادان ئادەملەرنى كۆرگەندە ئۆزىمىزدە شۇنىڭكىگە ئوخشاش نۇقسانلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز كېرەك .

*　　*

ئاتا ـ ئانىدىن خەۋەر ئالغاندا ، ئاتا ـ ئانىنىڭ توغرا بولمىغان تەرەپلىرى بايقالسا ئەگىتىپ نەسىھەت قىلىش كېرەك . ئەگەر ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇنىڭغا كۆنۈش نىيىتى بولمىسا ، يەنىلا ھۆرمەت بىلەن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەك . ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك كېرەك . ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىماسلىق كېرەك .

*　　*

ئاتا ـ ئانا ھايات ۋاقتىدا ۋاقتى ئۇزاق بولغان سەپەرنى قىلماسلىق كېرەك . ئەگەر ئامالسىزلىقتىن يىراققا سەپەر قىلىشقا توغرا كەلسە ، مۇقىم بىر نىشان بولۇشى كېرەك .

*　　*

ئاتا ـ ئانىنىڭ يېشىنى ئەستە ساقلاش كېرەك . بىر تەرەپتىن سالامەت ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكىدىن خۇشال بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ كۈنسايىن ياشىنىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن ئاگاھ بولۇش كېرەك .

*　　*

كونىلار ئاسانلىقچە ئېغىز ئاچمايدۇ ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ سۆزى بىلەن بىردەك بولماي قېلىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نومۇس دەپ قارايدۇ .

*　　*

ئىقتىسادچانلىق قىلىمەن دەپ سەۋەنلىك سادىر قىلىدىغانلار ئاز ئۇچرايدۇ .

*　　*

ئەخلاقلىق ئادەم يالغۇز قالمايدۇ . چوقۇم بىر ئادەم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ .

*　　*

زىيۇ مۇنداق دەيدۇ :
خوجايىننى كۈتۈش جەريانىدا ئۇنىڭغا قىلىنغان نەسىھەت كۆپەيسە نومۇسقا قالىدۇ . دوستقا نىسبەتەن نەسىھەت كۆپەيسە ئۇنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرايدۇ .

*　　*

ئەقىللىق ئادەم سۇنى ياخشى كۆرىدۇ ، مېھرىبان ئادەم تاغنى ياخشى كۆرىدۇ . ئەقىللىق ئادەم داۋاملىق ھەرىكەت قىلىدۇ . مېھرىبان ئادەم تىنچ يۈرىدۇ ، ئەقىللىق ئادەم شاد ـ خۇرام يۈرىدۇ ، مېھرىبان ئادەم ساغلاملىق بىلەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ .

*　　*

ئەپۇچانلىق بىر خىل ئەخلاق بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر خىل

پەللە ھېسابلىنىدۇ . لېكىن ، ئادەمدە بۇ خىل ئەپۇچانلىقنىڭ ئازىيىپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولدى .

*　　　*

مەن تۇغۇلۇشۇمدىلا بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلغان ئەمەس ، بەلكى مەن قەدىمكى مەدەنىيەتنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن تىرىشىپ - تىرمىشىپ بىلىمگە ئېرىشكەنمەن .

*　　　*

كېتىۋاتقان بىرقانچە ئادەم ئىچىدە چوقۇم ماڭا ئۇستاز بولالايدىغان ئادەم تېپىلىدۇ . مەن ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تاللاپ ئۆگىنىمەن . ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تاللاپ ئۆزۈمنى تەكشۈرۈپ نۇقسانلىرىمنى تۈزىتىمەن .

*　　　*

ئەجەبا مېھرىبانلىق بىزدىن شۇنچە يىراقمۇ ؟ ئەگەر مەن مېھرىبان بولىمەن دېسەم مېھرىبانلىق ئۆزلۈكىدىن يېتىپ كېلىدۇ .

*　　　*

مەدەنىيەت بىلىملىرى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، مەن ئېھتىمال باشقىلاردىن پەرقلەنمىسەم كېرەك . ئەگەر جىسمانىي كۈچ جەھەتتىن ئىسىلزادە بولىمەن دېسەم ، ئۇنداقتا تېخى بۇنىڭغا يېتەلمەيمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* *

بىلىم ئېگىلىمەك خۇددى بىر نەرسىنى قوغلىشىۋاتقاندەك، قوغلىشىپمۇ يېتىشەلمەيۋاتقاندەك بىر ئىش. بىلىم ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇنى يوشۇرۇپ قويۇشقىمۇ مۇمكىن.

* *

مەن ئەخلاقىنى گۈزەللىكنى سۆيگەندەك سۆيىدىغان ئادەمنى ئۇچراتمىدىم.

* *

قەھرىتان قىشتىلا قارىغاينىڭ ئەڭ ئاخىرىدا توزۇيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

* *

ئەقىللىق ئادەمدە قايمۇقۇش بولمايدۇ، مېھرىبان ئادەمدە غەم - قايغۇ بولمايدۇ، قەيسەر ئادەمدە قورقۇش بولمايدۇ.

* *

ئەگەر ئۆزىنىڭ ئەخلاقى دۇرۇس بولسا، ئۇنداقتا دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانداقمۇ قىيىنچىلىق بولىدۇ؟ ئەگەر ئۆزىنىڭ ئەخلاقى دۇرۇس بولمىسا، ئۇنداقتا قانداقمۇ باشقىلارنىڭ ئەخلاقىنى دۇرۇس قىلغىلى بولىدۇ؟

*     *

قەيسەرلىك ، قەتئىيلىك ، سەممىيلىك ، سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇش مېھرىبانلىققا يېقىن پەزىلەتلەردۇر .

*     *

بىلىم ئىگىلىمەكچى بولغان ئادەم ئەگەر ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك ئائىلە تۇرمۇشىنى سېغىنسا ، ئۇنداقتا ئۇ بىلىم ئىگىلەيدىغان ئادەمگە ئوخشىماي قالىدۇ .

*     *

ئەخلاقلىق ئادەمنىڭ چوقۇم سۆزىمۇ گۈزەل بولىدۇ ، لېكىن سۆزى گۈزەل كىشىنىڭ ئەخلاقلىق بولۇشى ناتايىن . مېھرىبان ئادەم چوقۇم قەيسەر بولىدۇ ، لېكىن قەيسەر ئادەمنىڭ مېھرىبان بولۇشى ناتايىن .

*     *

نامراتلىق ئىچىدە تۇرۇپمۇ نەپرەتلەنمەسلىك ناھايىتى تەس ، باياشاتلىق ئىچىدە مەغرۇرلىنىشنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ .

*     *

بىر ئادەم سۆزلىگەندە خىجىل بولماي چوڭ گەپ قىلسا ، ئۇنداقتا ئۇ ئىشنى ئۇنچە ئاسان قىلالمايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

* *

ئالىيجاناب كىشىلەر مېھرىبانلىقنى بىلىدۇ . چاكىنا ئادەملەر پايدىنىلا بىلىدۇ .

* *

باشقىلار تەرىپىدىن ئالدانغانلىقى ھەققىدە گۇمانلىنىشتىن بۇرۇن ، خالىغانچە باشقىلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكىنى جەزملەشتۈرۈشتىن بۇرۇن ، ئالدامچىلىق ۋە سەممىيەتسىزلىكنى دەرھال سېزەلەيدىغان كىشى ئەۋلىيادۇر !

* *

مەرتىۋىلىك كىشىلەر قائىدە ـ تۈزۈملەرگە رىئايە قىلالىغاندىلا پۇقرالارنى ئىشقا سېلىش ئاسانغا چۈشىدۇ .

* *

بىر ئادەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان بولمىسا ، ئۇنداقتا چوقۇم ئۇنىڭ ئالدىدا ئەندىشە بولىدۇ .

* *

ئۆز خاتالىقلىرى ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ تۇرۇش ، باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئازراق ئەيىبلەش كېرەك . مۇشۇنداق قىلغاندا ئۆزئارا ئۆچمەنلىكنى ئازايتقىلى بولىدۇ .

*        *

بىر ئىشقا يولۇققاندا قانداق قىلىش كېرەك؟ دېيىشنى بىلمىگەن ئادەمگە نىسبەتەن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

*        *

شېرىن - شېكەر سۆزلەر ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى نابۇت قىلىدۇ. كىچىك ئىشلاردا ئۆزىنى تۇتالمىسا چوڭ ئىشلارنى بۇزۇپ قويىدۇ.

*        *

خاتالىق سادىر قىلىپ ئۇنى تۈزەتمىسە شۇنىڭ ئۆزى خاتالىق بولىدۇ.

*        *

مەن بۇرۇن كۈنلەپ تاماق يېمەي، ئۇخلىماي مۇلاھىزە قىلاتتىم. بىراق، بۇنىڭ ياخشى تەرىپى يوق ئىكەن. بۇنىڭدىن كۆرە ئۆگىنىش قىلغان ياخشى ئىكەن.

*        *

ئىدىيە، تەشەببۇس ئوخشاش بولمىسا، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* *

سۆز — مەزمۇننى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلىسىلا بولىدۇ .

* *

ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ئەسلىدە بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدۇ ، ئەمما ئادەتنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلار بارا - بارا يىراقلاشقان .

* *

يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن تۆۋەن دەرىجىدىكى دۆتلەرلا خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ .

* *

كوچا - كويلاردا ئاڭلىغاننى ھەممە ياققا تارقىتىش ئەخلاق - پەزىلەتكە ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ .

* *

تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قەيسەر كۆرۈنىدىغان ، ئەمەلىيەتتە قورقۇنچاق كىشىلەرگە نىسبەتەن چاكىنا ئادەملەر خۇددى تامنى تېشىپ قويۇپ تامدىن ئارتىلىدىغان ئوغرىلارغا ئوخشايدۇ .

* *

زىشا مۇنداق دەيدۇ :

— ھەركۇنى ئۆزى ئۇقمايدىغان بىلىملەرنى ئۆگەنسە ، ھەر ئايدا ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملىرىنى ئۇنتۇمىسا ، مۇشۇنداق كىشىلەرنى ئۆگىنىشتە تىرىشچان دېيىشكە بولىدۇ .

*　　　*

زىشا مۇنداق دەيدۇ :

— مەنسەپ تۇتۇپ ئارتۇقچە كۈچى بولسا ئۆگىنىش قىلىش كېرەك . ئۆگىنىش قىلىپ ئارتۇقچە كۈچى بولسا مەنسەپ تۇتۇشى كېرەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قۇياشنى توسما

## دىئوگېن

قەدىمكى يۇنانلىق مەشھۇر دانىشمەن دىئوگېن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ زامانىدىشى بولۇپ، ئەقىللىقلىقى، ئۆتكۈرلۈكى ۋە مەنتىقىلىق پىكىرگە بايلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 400 — 325 ـ يىللىرى ياشىغان، ئۇندىن ئارتۇق پەلسەپىۋى ئەسەر يازغان.

*　*

دىئوگېن بىر كۈنى ئىككىشىپ كۆلدىن سۇ ئىچىۋاتقان بىر بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، خالتىسىدىكى جامنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ:

— بالا ئاددىيلىقتا مېنى قايىل قىلدى، — دەپتۇ.

*　*

كائىناتنىڭ سىرلىرى ھەققىدە لاپ ئۇرۇۋاتقان كىشىدىن دىئوگېن سوراپتۇ:

— ماڭا قارا، ئاسماندىن قاچان چۈشتۈڭ؟

*　*

بىر كىشى ئىشىكىگە «ئۆيۈمگە بالا ـ قازانىڭ كىرىشىدىن

خۇدا ساقلىسۇن» دەپ يېزىپ قويغانىكەن ، بۇنى كۆرگەن دىئوگېن ھەيران بولغان ھالدا :

— ئۇنداقتا ئىگىسىنىڭ ئۆزى ئۆيگە قانداق كىرىدىكىن ؟ — دەپتۇ .

*　　　*

ئەپلاتۇننىڭ «ئادەم ئىككى پۇتلۇق ھايۋاندۇر» دېگەن ئىبارىسى مەشھۇر بولۇپ كەتكەندى ، بىر كۈنى دىئوگېن خورازنىڭ تۈكلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ ، كىشىلەرگە كۆرسىتىپتۇ :

— مانا بۇ ئەپلاتۇنچە ئادەم !

*　　　*

بىر دورىپۇرۇش دىئوگېندىن سوراپتۇ :

— سىز خۇداغا ئىشىنەمسىز ؟

— ئەلۋەتتە ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دىئوگېن ، — بولمىسا قانداق قىلىپ سىزنى «خۇدا ئۇرسۇن» دېيەلەيمەن .

*　　　*

مەينەت مۇنچا ھەققىدە ئۇ شۇنداق دېگەنىكەن :

— بۇ يەردە سۇغا چۈشكەنلەر قەيەردە يۇيۇناركىن ؟

*　　　*

كىمدۇر دىئوگېنغا ئۇنىڭ سۈرگۈن بولغانلىقىنى تەنە قىلغانىكەن ، دىئوگېن ئۇنىڭغا :

— ھەي ئەخمەق ، ئاخىر سۈرگۈن تۈپەيلى دانىشمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولدۇمغۇ ! — دەپتۇ .

* *

بىرى دىئوگېندىن :
— نېمىشقا ئادەملەر بىچارىلەرگە سەدىقە بېرىدۇيۇ ، پەيلاسوپلارغا ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ ، — دەپ سورىغانىكەن ، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ :
— بەلكىم ئۇلار بىر كۈنلەردە چولاق ياكى ئەما بولۇپ قېلىشلىرى مۇمكىن ، لېكىن دانىشمەن بولالمايدۇ .

* *

كۆكتات يۇيۇپ ئولتۇرغان دىئوگېننىڭ قۇلىقىغا ئەپلاتون شۇنداق پىچىرلاپتۇ :
— پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن بولساڭ كۆكتات يۇيۇپ ئولتۇرمىغان بولاتتىڭ..
دىئوگېنمۇ ئەپلاتوننىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپتۇ :
— كۆكتات يۇيۇشنى بىلگەن بولساڭ پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ .

* *

كىشىلەر دىئوگېنغا سەدىقە بەرگەن كىشىنى ماختاپ بەرگەنىكەن ، ئۇنىڭ جەھلى چىقىپ :
— سەدىقىگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىم ئۈچۈن مېنى قاچان ماختايسىلەر ، — دەپتۇ .

*　　*

كىشىلەر دىئوگېنغا ئۇنىڭ شۆھرىتىنىڭ، ناپاك جايلارغا بارماسلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلسا، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— قۇياش نۇرى ئەخلەتخانىلارغىمۇ چۈشۈپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بۇلغىنىپ كەتمەيدۇ.

*　　*

ياش قىزنىڭ كۆزىنى داۋالاۋاتقان ئەخلاقسىز دوختۇرغا ئۇ شۇنداق دېگەنىكەن:

— ئېھتىيات قىلغىن، كۆزىنى ساقايتىمەن دەپ ئۆزىنى كېسەل قىلىپ قويمىغىن!

*　　*

ئىسكەندەر ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقان دىئوگېنغا:

— تىلە، تىلىكىڭنى بېرىمەن، — دېگەنىكەن، دىئوگېن:

— نېرى تۇر، قۇياشنى توسما، — دەپتۇ.

*　　*

كىشىلەر بەزىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئىت دەپ مازاق قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، دىئوگېن شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— چۈنكى، مەن كىم بىر نەرسە بەرسە شۇنىڭغا قۇيرۇقۇمنى شىپاڭلىتىمەن، بىر نەرسە بەرمىگەنگە قاۋايمەن، يامان ئادەملەرنى بولسا چىشلەيمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

*　　　　*

كۈپكۈندۈزى چىراغ كۆتۈرۈپ يۈرگەن دىئوگېندىن : «نې
قىلىپ يۈرىسىز ؟» دەپ سورىسا ، ئۇ : «ئادەم ئىزدەپ يۈرىمەن
دېگەنىكەن .

*　　　　*

ئىسكەندەر : «ئەگەر ئىسكەندەر بولمىغىنىمدا ، دىئوگې
بولۇشنى خالار ئىدىم» دېگەنىكەن .

# سۇ سۇغا قوشۇلۇپ

## مۇھەممەد ئەۋفي

*سەئدۇددىن مۇھەممەد ئەۋفىي بۇخارالىق مەشھۇر ئەدىب بولۇپ ، مىلادىيە 1172 ـ يىلى تۇغۇلۇپ ، 1233 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ «جامىئۇل ـ ھېكايات» ( «ھېكايەتلەر توپلىمى» ) ناملىق كىتابى ئەدەپ ـ ئەخلاق ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ، راستچىللىق ۋە ئادىمىيلىك ھەققىدىكى ئىبرەتلىك ھېكايەتلەردىن تەركىب تاپقان .*

## سايىداشلار

خەلىپە مەئمۇن قازى يەھيا ئىبنى ئەكسەم بىلەن بىللە باغ سەيلىسىگە باردى . باغقا بارغۇچە خەلىپە قازىنىڭ سايىسىدا ماڭدى ، قايتىشىدا بولسا ئاپتاپ تەرەپتە مېڭىشنى ئىختىيار قىلدى ۋە :
— بۇ قېتىم سايە تەرەپ سېنىڭ بولسۇن ، بولمىسا ، ئادالەت ۋە ئىنساپقا زىت ئىش بولۇپ قالىدۇ ، — دېدى خەلىپە .
— كۆپ يىللاردىن بېرى مەن سىزنىڭ ساخاۋىتىڭىز سايىسىدا ياشاپ كېلىۋاتىمەن . بىر سائەت ئاپتاپتا قالسام نېمە بوپتۇ ؟ — دەپ ئۇنىمىدى قازى .
خەلىپە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى . لېكىن ، بەرىبىر دېگىنىنى قىلىپ ئاپتاپ تەرەپتە ماڭدى .

## ئەدەپنى كىمدىن ئۆگىنىش كېرەك

ئورماندا ناھايىتى يىرتقۇچ بىر شىر بولۇپ ، بۆرە بىلەن تۈلكە ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىكەن . كۈنلەردىن بىر كۈنى شىر ئوۋ ئوۋلاپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۆرىگە : «قېنى بۇنى تەقسىملە» دەپتۇ . بۆرە ئۇلجىنى [illegible] بۆلۈپ ، بىر بۆلىكىنى شىرنىڭ ئالدىغا ، يەنە بىر بۆلىكىنى تۈلكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ، بىر بۆلىكىنى ئۆزى ئاپتۇ . بۇنىڭدىن شىرنىڭ پىغانى ئۆرلەپ ، ئۆز ئۈلۈشىنى بۆرىنىڭ ئالدىغا ئېتىپتۇ . بۆرە قورققىنىدىن دىر ـ دىر تىترەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ . شىر تۈلكىگە : «ئولجىنى سەن باشقىدىن تەقسىم قىل» دەپ بۇيرۇپتۇ . تۈلكە ئويلاپ ئولتۇرماي ھەممىنى شىرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . شىر تۈلكىنىڭ پاراسىتى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىسىگە قايىل بولۇپ :

— سەن بۇنداق ئەدەپ ـ قائىدىنى كىمدىن ئۆگەندىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— شىر بىلەن بۆرىدىن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۈلكە .

## دەرۋىشلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى

ماشايىخلاردىن بولغان ھۇسەين ئەنتاكى مۇنۇلارنى ھېكايە قىلىدۇ :

كۈنلەردىن بىر كۈنى كەچقۇرۇن يارەنلەردىن ئوتتۇز ـ قىرىق كىشى سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق ، ئوتتۇرىدا پەقەت بىرلا نېنىمىز بار ئىدى ، ئۇنى ئۇششاق سۇندۇرۇپ داستىخانغا قويدۇق ۋە «ھەر كىم تارتىنماستىن ، خالىغانچە ئېلىپ يېسۇن» دەپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتۇق . ئارىدىن بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چىراغنى ياقتۇق . قارىساق ، ھېچكىم داستىخانغا قول سۇنماپتۇ .

## ماختانچاقنىڭ قىسمىتى

بىر كۈنى ھەرىنىڭ كۆزى زور مۇشەققەت بىلەن ئۇۋىسىغا دان ئېلىپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىگە چۈشۈپتۇ ـ دە ، ئۇنىڭغا دەپتۇ :

— ھەي چۈمۈلە ، ئۆزۈڭنى بۇنداق ئازابتا قىيناشتىن مەقسىتىڭ نېمە ؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ جاپانى خالاپ قالدىڭ ؟ مېنىڭ

هاياتىم ، يېمەك ـ ئىچمىكىمگە قاراپ ئىش تۇتساڭ بولمامدۇ ؟ پادىشاھلار داستىخىنىدىكى ھەرقانداق تائام مەنىسىز يېيىلمەيدۇ ، شامالنى مىنىپ ئۇچمەن ، خالىغان يەرگە قونىمەن ، نەشتىرىمنى ياۋنىڭ جىگىرىگە سانجىيمەن . كۆڭلۈم نېمىنى خالىسا شۇنى يەيمەن .

كېيىن ھەرە پەرۋاز قىلىپ ئۇدۇل قاساپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئېسىپ قويۇلغان گۆشكە قوندى . قاساپ پىچاقنى تۇتۇپ تۇراتتى ، ھەرىنى كۆرۈپ ئۇنى قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلىدى . شۇ يەردە پايلاپ تۇرغان چۇمۇلىلەر ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ كەتتى .

## سۇ سۇغا قوشۇلۇپ

بەسرەلىك بىر ئادەمنىڭ بىرنەچچە سېغىن قويى بار ئىدى . لېكىن ، سېغىپ قويغان سۇتنى ھەر كۈنى مۇشۇكياپىلاق ئىچىۋالاتتى . قوينىڭ ئىگىسى بولسا قالغان سۇتكە سۇ قوشۇپ بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى . بىر كۈنى مۇشۇكياپىلاق ھېلىقى ئادەمگە دېدى :

— ھەي خوجام ، بۇنداق قىلما ، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ .

لېكىن ، ئۇ قۇلاق سالمىدى — سۇتكە سۇ قوشىۋەردى . بىر كۈنى قويلار تاغ باغرىدا ئوتلاپ يۈرەتتى ، بىردىنلا بوران چىقىپ ، چاقماق چېقىپ ، قاتتىق يامغۇر ياغدى ۋە تاغدىن سەل كېلىپ قويلارنى ئېقىتىپ كەتتى . كەچقۇرۇن پادىچى ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەلدى ، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭدىن قويلارنى سورىدى ، پادىچى جاۋاب بەردى :

— سىز سۇتكە قوشقان سۇلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ سەلگە ئايلىنىپ قويلارنى ئېقىتىپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئالىيجاناب ئىنسانلا سۆيەلەيدۇ

بىر دانىشمەن دەپتۇ :
— دانا ئادەم ھەممىلا يەردىن ياشاش ئۈچۈن ماكان تاپالايدۇ . تەنتەك بولسا بۇ ماكاننى پەقەت ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىنلا ئىزدەيدۇ .

* *

خۇسرەۋدىن سورىدى :
— ئوغۇللىرىڭ ئىچىدە قايسىبىرىنى بەكرەك ياقتۇرىسەن ؟
ئۇ جاۋاب بەردى :
— ئۇ سۆزىدە چىڭ تۇرغۇچى ، نومۇسسىزلىقتىن ھەزەر ئەيلىگۈچى ، ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يېتىش ئۈچۈن تەۋرەنمەي ئىنتىلگۈچى ئوغلۇم كۆڭلۈمگە يېقىندۇر .

* *

ئەردەشىر دىدى :
— ھۆكۈمدارلار غەزەپلەنگەن چاغلىرىدىمۇ گۇناھكارلارغا نىسبەتەن شەپقەتلىك بولمىقى كېرەك . شۇ غەزەپ سەۋەبىدىن ئۇ گۇناھكارنى ئەڭ مۇھىم نەرسىدىن مەھرۇم قىلىپ قويمىسۇن .

* *

ھەيۋەتلىك سىپىل - قورغانلار بىلەن ئورالغان شەھەرنى كۆرۈپ بىر پەيلاسوپ شۇنداق دەپتۇ :

— بۇ ئەركەكلەر ئەمەس، ئاياللار ياشايدىغان جاي ئىكەن .

*　　　*

بىر پەيلاسوپتىن سورىدىلەر :
— شاھ نېمىشقا سىنى يامان كۆرىدۇ ؟
ئۇ جاۋاب بەردى :
— ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىدىن ئەقىللىق ئادەمنى ياقتۇرمايدۇ .

*　　　*

بىر دانادىن سورىدىلەر :
— قانداق نەرسە پايدىسىز ؟
ئۇ شۇنداق جاۋاب بەردى :
— ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلاردىن ئۈمىد كۈتۈش پايدىسىزدۇر .

*　　　*

بىر دانىشمەن ئېيتتى :
مۇنداق بەش تائىپە ئادەم-ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ قىينايدۇ : باشقىلارغا ئەقىل ئۆگەتكۈچى نادان، بىھۇدە نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگۈچى خىيالپەرەس، ھېچكىم بىلەن مەسلىھەت قىلمايدىغان ھۆكۈمدار، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئۇرۇنغۇچى ماختانچاق، شاھلارنىڭ خىزمىتىدىكى خىيانەتچى .

*　　　*

بىر دانىشمەندىن سورىدىلەر :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەرسىز ئايال نېمىگە ئوخشايدۇ؟
دانىشمەن جاۋاب بەردى:
— سۇسىز دەرياغا.

* *

بىر يەھۇدىي دانىشمەندىن سورىدىلەر:
— تۇرمۇشۇڭ پاراۋان بولسىمۇ نېمە ئۈچۈن داۋاملىق ئىزتىراپ چېكىسەن؟
ئۇ جاۋاب بەردى:
— چۈنكى مەن، ئاچ - يالىڭاچ ياشاۋاتقانلارنى ھېچقاچان ئۇنتۇيالمايمەن.

* *

بىر دانىشمەن قاماقخانا تېمىغا شۇنداق دەپ يازدى:
— بۇ يەردە دۈشمەنلەرنىڭ ھەسەتلىرى سىناقتىن ئۆتىدۇ.

* *

بۇزۇرجمېھردىن سورىدىلەر:
— نېمىشقا دوستلارنىڭ دۈشمەنگە ئايلىنىشى ئاسانۇ، دۈشمەنلەرنىڭ دوستقا ئايلىنىشى قىيىن؟
ئۇ جاۋاب بەردى:
— چۈنكى، ئۆيىنىڭمۇ بۇزۇلۇشى ئاسان، سېلىنىشى قىيىن، كوزىنىڭ سۇنۇشى ئاسان، ياسىلىشى قىيىن، پۇلنى خەجلەش ئاسان، ئىشلەپ تېپىش قىيىندۇر.

*          *

خۇسرەۋدىن سوراشتىلەر :
— سەن كىملەرگە ئەقىل ، ئىنساپ تىلەر ئىدىڭ ؟
— ئۇ جاۋاب بەردى :
— دۇشمەنلىرىمگە . چۈنكى ، دانا ۋە ئاقىل ، ئىنساپلىق ئادەملەر يامانلىققا ، بۇزۇق خىياللارغا بېرىلمەيدۇ . ئەخمەق ئادەملەر ھېچ نەرسىدىن يانمايدۇ .

*          *

شاھ بۇزۇرجمېھرنى قاماققا تاشلىدى . دوستلىرى ئۇنىڭدىن سورىدىلەر :
— ئەمدى سەن ئۆزۈڭگە نېمە دەپ تەسەللى بېرىسەن ؟
ئۇ جاۋاب بەردى :
— مېنىڭ تۆت ھېكمەتلىك سۆزۈم بار . بىرىنچىسى ، «ھەممىسى تەقدىردىن ، تەقدىردىن ھېچقاچان قېچىپ قۇتۇلالمايسەن» . ئىككىنچىسى ، «بۇ ئازابلارنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن يېڭىشتىن باشقا يول يوق» . ئۈچىنچىسى ، ئۆزۈمگە دەيمەنكى : «شۈكۈر قىل ، بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەھۋالغا چۈشۈشۈڭ مۇمكىن ئىدىغۇ ؟» تۆتىنچىسى ، يەنە ئۆزۈمگە دەيمەنكى : «بەلكىم ئازادلىق دەقىقىلىرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندۇ ، سەن بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئولتۇرغاندۇرسەن» .

*          *

سوقراتتىن شاگىرتلىرى سورىدى :
— ئېيتىڭچۇ ، نېمشقا سىزنىڭ چېھرىڭىزدە تەشۋىشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئەسەر يوق ؟
سوقرات جاۋاب بەردى :
— چۈنكى ، مەندە يوقالسا قايغۇرۇشقا ئەرزىگۈدەك ھېچ نەرسە يوق .

* *

سوقراتنى قەتلى قىلىشقا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر ئايال يىغلاپ تۇرۇپ دېدى :
— بۇ قانداق ناھەقچىلىق ، ھېچقانداق گۇناھىڭ يوق تۇرۇپمۇ سېنى قەتلى قىلىشماقچى...
سوقرات جاۋاب بەردى :
— ھەي ئايال ، ھەيرانمەن ، سەن مېنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ، شۇ جىنايىتىمگە يارىشا قەتلى قىلىنىشىمنى خالامسەن ؟

* *

پەيلاسوپتىن سورىدىلەر :
— مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ شادلىقىغا نېمە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ؟
پەيلاسوپ جاۋاب بەردى :
— زالىم ، مۇستەبىت پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى .

* *

بىر پەيلاسوپتىن سورىدىلەر :
— پادىشاھ بىلەن سىزنىڭ ئوتتۇرىڭىزدىكى پەرق نېمە ؟
ئۇ جاۋاب بەردى :

— پادىشاھ ئۆز ھېس - تۇيغۇسىنىڭ قۇلىدۇر ، مەن بولسام ھېس - تۇيغۇلىرىمنىڭ پادىشاھىمەن .

*　　*

ئارستوتىل ئىسكەندەرگە شۇنداق مەسلىھەت بەرگەنىكەن :
— ئۆز سىرىڭدىن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئادەمنى خەۋەردار قىلما ، مۇبادا سىرىڭ پاش بولۇپ قالسا ، كىمنىڭ پاش قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن . ئىككىسىگىلا جازا بەرسەڭ بىگۇناھ ئادەم جاپا تارتىدۇ . ھەر ئىككىسىنى كەچۈرسەڭ ، ئۇنداقتا سىرىڭنى ساقلىغان ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان بولىسەن .

*　　*

ئەپلاتۇندىن سورىدىلەر :
بېشىغا كۈلپەت چۈشكەن ئادەم قانداق تەسەللى تاپىدۇ ؟
ئەپلاتۇن جاۋاب بەردى :
— دانا ئادەم يۈز بېرىشى لازىم بولغان نەرسە يۈز بەردى دېگەن پىكىر بىلەن تەسەللى تاپىدۇ . ئەخمەق ئادەم بولسا ، بېشىغا كۈلپەت چۈشكەن ئادەم يالغۇز مەنمۇ دەپ تەسەللى تاپىدۇ .

*　　*

نۇشىرۋان دېدى :
— ئەيش - ئىشرەت قىلىپ يۈرۈش ئىنساننىڭ پىكىر - خىيالىنى بۇزۇقلۇققا باشلايدۇ ، بۇزۇق پىكىر - خىيال قايغۇ - ھەسرەت كەلتۈرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*　　　　*

خۇسرەۋ دېدى :
— قۇتۇلۇشۇڭ قىيىن بولغان ئادەمگە نەپرىتىڭنى بىلدۈرمە .

*　　　　*

ئۇستاز دېدى :
— كونىسىنى تەكرارلاش بىلەن يېڭىسىنى ئۆزلەشتۈرەلىگەن ئادەم ئۇستاز بولالايدۇ .

*　　　　*

ئۇستاز دېدى :
— ئەگەر ئوقۇساڭمۇ چۈشەنمىسەڭ — ئادىشىسەن ، ئەكسىچە چۈشىنىپ ئوقۇيالمىساڭ — ساراسىمىگە چۈشىسەن .

*　　　　*

ئۇستاز دېدى :
— ساڭا بىلىشنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ ؟ نېمىلەرنى بىلىدىغانلىقىڭنى ۋە نېمىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىڭنى بىلىش — بىلىش دېمەكتۇر .

*　　　　*

ئۇستاز دېدى :
— پەقەت ئالىيجاناب ئىنسانلا سۆيەلەيدۇ ۋە نەپرەتلىنەلەيدۇ .

*          *

ئۇستاز دېدى :
— ئەتىسى ھەقىقەتكە ئېرىشكەن كۈننىڭ ئاخشىمى ئۆلسە ئەرزىيدۇ .

*          *

سوقرات دەرەخنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغان ئايالنى كۆرۈپ دەپتۇ :
— ۋاھ ، ھەممە دەرەخلەر مانا شۇنداق مېۋە بەرسە ـ ھە !...

*          *

بىر دانىشمەندىن سورىدىلەر :
— ھەقىقەت قورقۇنچلۇق بولىدۇ دېيىشىدۇ ، شۇ راستمۇ ؟
— راست ، — جاۋاب بەردى دانىشمەن ، — لېكىن بۇ گەپ تۆھمەتچى ئادەملەرگە مەنسۇپ .

*          *

بىر دانىشمەن دېدى :
— ئەخمەق ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش — توڭگۈزنى يۇيۇپ-تاراپ ، زىبۇزىننەت تاقىغانغا ياكى يىلاننى ھەسەل بىلەن باققانغا ئوخشايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

* *

بىر دانىشمەن دېدى :
— كىمكى قانۇنلارنى بۇزماي ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىپ ياشىيالىسا — ئۇ قۇدرەتلىكتۇر . كىمكى قانۇنلارنى بۇزۇپ ، ئۇنىڭغا خىلاپ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا — ئۇ ئاخىر خورلۇق كۆرىدۇ .

* *

شاھ ئەردەشىر شۇنداق دېدى :
— ھەر بىر خەلقنىڭ يۆلەنچۈكى — ئىتتىپاقلىقتۇر . ھاكىمىيەتنىڭ يۆلەنچۈكى بولسا — ھىدايەتلىك شاھتۇر . ئاساسى مۇستەھكەم بولمىغان ھەربىر تام تېز غۇلايدۇ ، ئىگىسىز ئۆي بولسا تېز خارابىلىشىدۇ .

# رىۋايەتلەر ، ھېكايەتلەر ۋە ھېكمەتلەر

بىر كۈنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام لەشكەرلىرى بىلەن كېتىپ باراتتى ، بىر چۈمۈلىنىڭ پەرياد قىلىپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى :

— ئى چۈمۈلىلەر ، دەرھال پاناھلىنىڭلار ، بولمىسا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ پايمال بولىسىلەر .

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۆز ئادەملىرىنى شۇ يەردە توختاشقا پەرمان قىلدى ۋە كۆكتىن پەسلەپ شۇ يەرگە چۈشتى . شۇ چاغدا چوڭلۇقى ئۆچكىدەك كېلىدىغان بىر ئاق چۈمۈلە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈردى . سۇلايمان ئەلەيھىسسالام چۈمۈلىگە جاۋاب سالام بېرىپ بولۇپ سورىدى :

— ئېتىڭ نېمە ؟

— ئېتىم مەنزەرە ، — دەپ جاۋاب بەردى چۈمۈلە .

— چۈمۈلىلەرنى نېمە ئۈچۈن قېچىشقا بۇيرۇيسەن ؟

مەنزەرە ئېيتتى :

— ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ خۇداسى ماڭا قىرىق قەۋەت يەر بەرگەن ، ھەر قەۋەتتە قىرىق مىڭ پىرقە ، ھەر پىرقىدە قىرىق مىڭ مۇئەككەل بار . مەن شۇلارنىڭ پادىشاھىمەن . ئۇلار خەۋەرسىز قېلىپ ، سىزنىڭ لەشكەرلىرىڭىزنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلسە ئۇلارنىڭ ئۇۋالى ماڭا بولىدۇ .

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سورىدى :

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭ نېمىشقا قاچمايسەن ؟

مەنزەرە ئېيتتى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن ئۇلارنىڭ كاتتىۋىشىدۇرمەن . كاتتىلار پۇقرالىرىغا مېھرىبان بولمىقى لازىمدۇر . كەلگەن بالا ـ قازاغا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ باشقىلارنى قوغداپ قالماق كاتتىلارنىڭ قەرزىدۇر .

*　　*

ھەزرىتى لوقمان بىر كۈنى كىشىلەرگە نەسىھەت ۋە مەرپەت قىلىپ ئولتۇراتتى ، ئۇ يەرگە بەنى ئىسرائىل ئۇلۇغلىرىدىن بىر ئادەم كېلىپ قالدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىنىشىۋېلىپ ھەزرىتى لوقماننىڭ سۆزىنى قىزغىن تىڭشاۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، سورىدى :

— ئى لوقمان ، بۇنداق مەرتىۋىنى قەيەردىن تاپتىڭ ؟

ھەزرىتى لوقمان جاۋاب بەردى :

— توغرا يولدىن .

*　　*

ھەزرىتى لوقماننىڭ خوجايىنى «بۇغداي تېرىغىن» دەپ بۇيرۇغانىكەن ، لېكىن ئۇ ئارپا تېرىدى . خوجايىنى بۇنى كۆرۈپ تازا كايىدى :

— مەن ساڭا بۇغداي تېرىغىن دېسەم ئارپا تېرىپسەن ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ زادى ؟

ھەزرىتى لوقمان دېدى :

— ئارپا تېرىسام بۇغداي چىقماسمۇ ؟

— ئارپىدىن بۇغداي چىققانىنى قاچان كۆرگەنىدىڭ ؟ — دەپ تەنە قىلدى خوجايىن .

ھەزرىتى لوقمان دېدى :

— ئۇنداق بولسا سەن نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە يامانلىق

قىلىپ تۇرۇپ ، يەنە ئۇلاردىن ياخشىلىق تەلەپ قىلىسەن ؟
— خوجايىن بۇ سۆز بىلەن گۇناھلىق ئىشلاردىن قولىنى تارتتى .

* *

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :
«ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تارغاقنىڭ چىشلىرىدەك باراۋەردۇر .»
«كىشىلەر مەدەن كانلىرىغا ئوخشايدۇ .»
«ئۆز قەدىر - قىممىتىنى چۈشەنگەن ئادەم ھالاك بولمايدۇ .»
«مەسلىھەتكە چاقىرىلغان ئادەم — ئىشەنچلىك ئادەم .»
«يامانلىق قىلىپ سالساڭ ، ئۇنى ياخشىلىق بىلەن يۇغىن .»
«دوستۇڭغا تولا يېقىنلىشىپ كەتمە ، بولمىسا ، بىر كۈنى ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن .»
«ئىككى كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن قەلبىم ئۇخلىمايدۇ .»
«مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم .»

* *

ئىنساننىڭ ھاياتىغا زۆرۈر بولغان بەزى نەرسىلەرنىڭ شۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاز بولۇشى پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ .

* *

كۆپ ئۇخلاش كىشىنى ئەزمە ، زەئىپ ، گومۇش ، ھورۇن

قىلىپ قويىدۇ .

*　　　　*

گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاقلاردىن شەكىللەنگەن خىسلەتلەر ئېسىل خۇلق دېيىلىدۇ .

*　　　　*

ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ تۈپ مەنبەسى ۋە مەركىزىي نۇقتىسى — ئەقىل . ئىلىم ـ مەرىپەت ئەقىلدىن تارقىلىدۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئەلىشىر بىلەن بۇلبۇل

بۇرۇنقى زاماندا غىياسىدىن كىچىك دىگەن كىشىنىڭ ئەلىشىر ئىسىملىك ئوغلى بولغانىكەن . ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ئەقىللىق ، زېرەك چوڭ بوپتۇ . توققۇز ياشقا كىرگەندە شېئىر يېزىشقا باشلاپتۇ . كىشىلەر ئۇ يازغان شېئىرلارنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان بوپتۇ . لېكىن ، بالا تېخى ئۆزىگە تەخەللۇس تاللىمىغانىكەن .

ئەلىشىر بىر كۈنى باغقا چىقىپ يېڭى يازغان شېئىرىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلاپتۇ . شۇ چاغدا باغدىكى تېرەككە چىرماشقان ھەشقىپىچەككە قونۇپ تۇرغان بۇلبۇل ئەلىشىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ . ياش شائىرنىڭ گاھ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ، گاھ تاڭ سابىسىدەك مەيىن ئاۋازى بۇلبۇلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىپتۇ . بۇلبۇل دەرھال شائىرنىڭ مۈرىسىگە قونۇپ :

— ئەي خۇش ئاۋاز شائىر ، سەن ئوقۇغان شېئىرلار بۇلبۇلنىڭ تاڭدىكى ناۋاسىدىنمۇ يېقىملىق ئىكەن . نامىڭنى بىلسەم بولامدۇ ؟ — دەپتۇ .

— ئەلىشىر ، — جاۋاب بېرىپتۇ بالا .

— بىلدىم ، يېڭى چىققان شائىر ئىكەنسەن ـ دە . ئەمدى ئۆزۈڭگە چىرايلىق بىر تەخەللۇس تاللاپ شېئىرلىرىڭنىڭ ئاخىرىغا قوشۇۋالغىن .

ئەلىشىرگە بۇلبۇلنىڭ بايىقى «ناۋا» دىگەن سۆزى يېقىپ قاپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن يازغان غەزەللىرىنىڭ ئاخىرىغا «نەۋائىي» دەپ يېزىپ قويىدىغان بوپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئەلىشىر بىلەن ئەخمەق

كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى سۇلتان ھۇسەيىن ۋەزىرلىرىنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ئەلىشىر نەۋائىينى زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئۇنىڭ گۇناھسىزلىقى مەلۇم بوپتۇ ـ دە، پادىشاھ ئۇنى زىنداندىن چىقىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەلىشىر بولسا پادىشاھنىڭ زىندانغا تاشلاش ۋە چىقىرىش ھەققىدىكى پەرمانلىرىغا ئەجەبلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ زىنداندىن چىقىشقا ئۇنىماپتۇ.

شائىرنى زىنداندىن چىقىرىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشىپتۇيۇ، پايدىسى بولماپتۇ. كېيىن شائىرغا يېقىن كىشىلەردىن بىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يېنىغا بىر ئەخمەقنى قاماپ قويۇپتۇ. شائىر شۇ چاغدىلا زىنداندىن چىقىشقا رازىلىق بېرىپتۇ.

## قەيەردە چىۋىن يوق

بۇرۇنقى زاماندا ھۇسەيىن بايقارا دېگەن بىر پادىشاھ ياشىغانىكەن. ئۇ ۋەزىرى ئەلىشىرگە:

— قەيەردە چىۋىن بولمايدۇ؟ — دەپ سوئال بېرىپتۇ. ۋەزىر ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا:

— ئادەم يوق يەردە چىۋىنمۇ بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاتقا مىنىپ ئادەم يوق يەرنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ. يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، بىر جاڭگالغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ يەردە بىرئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ.

ئەلىشىر چاي قاينىتىپتۇ. ئىككىسى چاي ئىچىپ ئولتۇرسا بىر چىۋىن «ۋىڭ» قىلىپ ھۇسەيىن بايقارانىڭ پىيالىسىنىڭ

يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئىتىكىگە قونۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ :
— ئەلىشىر ، ئادەم يوق يەردە چىۋىن بولمايدۇ دېگەننىدىڭىز ، مانا بۇ يەردە چىۋىن ئۇچۇپ يۈرۈپتۇغۇ ، — دەپتۇ .
— تەقسىر ، سىز بىلەن بىز ئادەم ئەمەسمىزمۇ ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەلىشىر .
ھۇسەيىن بايقارا ئەلىشىرگە ھەمىيىنىدىن مىڭ تىللا چىقىرىپ بېرىپ :
— بارىكالللا ، مېنى يەڭدىڭىز ، — دەپتۇ .

## ئاتلار پۇتى بىلەن سۇ ئىچسۇن

بىر كۈنى سۇلتان ھۇسەيىن ۋەزىرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ . يولدا ئۇلار بىر كۆلگە توغرا كەپتۇ . قارىسا ، كۆلدىكى قومۇشلارنىڭ ئۇچى قورۇلۇپ قالغانىكەن . شۇنىڭ بىلەن مىر ئەلىشىر :
— كۆلدىكى قومۇشلار ئۇسساپ قاپتۇ ، بۇلارغا يامغۇر كېرەك ئىكەن - دە ، — دەپتۇ .
مىر ئەلىشىرنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ :
— ئەخمەق ، سۇدا تۇرغان قومۇشلار قانداقسىگە ئۇسساپ قالسۇن ؟ — دەپ كۈلۈپتۇ .
مىر ئەلىشىر گەپ قىلماپتۇ . شۇ تەرىقىدە يول يۈرۈپ ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ ، ئاخىر بىر چۆلگە يېتىپ بېرىپ ئوۋنى باشلاپتۇ . ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئوۋ ئوۋلىغاندىن كېيىن ئوردىغا قايتىپتۇ .
يولدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر چوڭ ئېرىق ئۇچراپتۇ . پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلىرى ئاتلىرىنى سۇغىرىپ ، ئۆزلىرىمۇ سۇ ئىچىپتۇ . ئەمما ، مىر ئەلىشىر ئېتىنى سۇ ئىچكىلى قويماي ، ئېرىقنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يۇگەننى چىڭ تارتىپ تۇرۇپتۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكار تورى
www.uyghurkitap.com

سۇلتان ھۇسەيىن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ
— مىر ئەلىشىر، نېمىشقا ئاتنى سۇغارمايسىز؟
— سۇ ئاتنىڭ قورسىقىغا تېگىپ تۇرغاندىكىن ئۇنى سۇغىرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇسسىغان بولسا پۇتى بىلەن سۇ ئىچمەمدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مىر ئەلىشىر.
بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ باشتىكى گېپى يادىغا چۈشۈپ يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئاپتۇ ـ دە، مىر ئەلىشىرگە ئىككى مىڭ تەڭگە ئىنئام بېرىپتۇ.

## ئات نېمىگە كۈلىدۇ

سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ.
— ئەتە سەھەر يولغا چىقىمىز، تەييار بولۇپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ سۇلتان.
كېچىسى سۇلتان ھۇسەيىن مىر ئەلىشىر مىنىدىغان ئاتنىڭ ئاستىنقى كالپۇكىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. تاڭغا يېقىن ئەلىشىرنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ ئاتتىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ ئوقۇرغا قارىسا، ئاتنىڭ كالپۇكى كېسىلگەن. «بەس، بۇ سۇلتاننىڭ ئىشى، يەنە بىر شۇملۇقنى ئويلىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ئەلىشىر ۋە ھۇسەيىن مىرزا مىنىدىغان ئاتنىڭ قۇيرۇقىنىڭ تۈۋىدىن كېسىۋېتىپتۇ.
ئەتىسى سەھەردە ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ شىكارغا مېڭىپتۇ. ئېتىنىڭ قۇيرۇقى كېسىلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز مىرزا كەينىدىن كېلىۋاتقان ئەلىشىرگە قاراپ:
— ئەلىشىر، ئېتىڭىز كۈلۈۋاتامدۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— شۇنداق تەقسىر، ئېتىڭىزنىڭ كەينى ئېچىلىپ قالغىنىغا قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەلىشىر.
ھۇسەيىن مىرزا شۇندىلا ئېتىنىڭ قۇيرۇقىغا قاراپتۇ ۋە

ئىچىدە نەۋائىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بوپتۇ .

## ئىت بولۇپ قالىدۇ

ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن بىنايى كوچىدا گەپلىشىپ كېتىۋېتىپ ، بىر قانجۇقنىڭ ئالتە كۇچۇكىنى ئېمىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ . كۇچۇكلەر ھەدەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ، تۇرتۇشۇپ ئانىسىنى ئېمىۋاتقۇدەك . شۇنىڭ بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئابرۇيىنىڭ كۇنسايىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچى تارلىق قىلىۋاتقان بىنايى سۆھبەتدىشىنى گەپتە مات قىلماقچى بولۇپ :

— مەۋلانە ، ئاۋۇ ئىتقا بىر قاراڭە ، نېمە قىلاتتى بۇ فانىي[1] دۇنيادا شۇنچە كۆپ تۇغۇپ . ئۇلارنى بېقىش ئاسان ئەمەستە ، ئۆلۈپ تۈگىشىدۇغۇ بىچارىلەر ، — دەپتۇ .

بۇنى ئاڭلاپ گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى چۈشەنگەن ئەلىشىر نەۋائىي گەپنى گەپكە كەلتۈرۈپ :

— جانابلىرى ، ئىچ ئاغرىتمايلا قويۇڭ ، ياخشى پەرۋىش قىلسا كۇچۇكلىرى ھەدېمەي بىنايىدەك ئىت بولۇپ قالىدۇ ، — دەپتۇ .

بىنايى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تىلىنى چىشلەپ تۇرۇپ قاپتۇ .

## ئۆلۈكى ھەم بىر بالا ، تىرىكى ھەم بىر بالا

مۇزىكا پەنىدە دەۋرىنىڭ يېگانىسى بولغان مەۋلانە ئەلىشاھ بىر كۇنى ھەزرەت نەۋائىيغا ئىلتىماس قىلىپ ، «سىزنىڭ ئىلتىپات ۋە مەرھەمىتىڭىزدىن ئۇمىد شۇكى ، ۋەخپە باشقۇرغۇچىلار ئالتە ئايلىق مائاشىمنى ئالدىن بىراقلا بەرسە ، ھەر ئايدا ئۇلارغا باش ئاغرىقى بولۇپ يۈرمىسەم» دېدى .

① فانىي — نەۋائىينىڭ يەنە بىر تەخەللۇسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەزرەت جاۋاب بېرىپ :

— مەۋلانە ، ئۆمرىمىزدىن ئالتە كۈن قالدىمۇ ، يوقمۇ ؟ بىزگە نامەلۇم. . سىز نېمە ئۈچۈن ئامانەت ھاياتقا بۇنچىۋالا ئىشىنىپ ئالتە ئايلىق مائاش تەلەپ قىلىسىز ؟ — دەپتۇ .

سىز رۇخسەت بېرىڭ ، ئۇ پۇللارنى بەرسۇن ، ئۆلۈپ قالسام قالغىنى كېپەنگە ئەسقاتار ، — دېدى .

— ئۆلۈكى ھەم بىر بالا ، تىرىكى ھەم بىر بالا دېگىنى سىز ئىكەنسىزدە ، — دېدى ھەزرەت .

## ئۈچ يامانىنىڭ تەرىپى

سۇلتان ھۈسەيىن بىر كۈنى ئۆز ۋەزىرلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپتۇ :

— ماڭا ئۈچ يامان ئادەمنى تېپىپ كېلىڭلار ، تاپقىنىڭلارغا يۈز تىللا مۇكاپات ، تاپالمىغىنىڭلارغا يەتمىش دەررە ، — دەپتۇ ۋە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىپتۇ .

ۋەزىرلەر يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئەتراپنى كېزىشىپتۇ . لېكىن ، ئۈچ يامان ئادەمنى تاپالماپتۇ . ئەنە ، مانا دېگۈچە ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ . پەقەت ئەلىشىر نەۋائىي ئۈچ يامانىنى — جاللات ، قاسساپ ۋە ئوۋچىنى باشلاپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ . ھۈسەيىن مىرزا بۇنى كۆرۈپ دوستىنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە شائىرنى تەقدىرلەشنى بۇيرۇپتۇ .

*　　　*

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەچ سۇلتان ھۈسەيىن يەنە ۋەزىرلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۈچ يامانغا تەرىپ بېرىشنى سوراپتۇ . يەنە ئۇلاردىن ھېچبىر سادا چىقماپتۇ ، ھەتتا سورۇنلاردا ئادەمگە گەپ بەرمەيدىغان مەمەدان ۋەزىر مەجىدىدىنمۇ سۈلقىنى

چىشلىگەن ئاتتەك ساقىلىنى تۇتاملاپ بىزىرىپ تۇرۇپتۇ . ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىگەچ ، ئەلىشىر نەۋائى ئۆزى تېپىپ كەلگەن ئۈچ يامانغا ئۆزى تەرىپ بېرىپتۇ :

— جاللاتقا ھەقمۇ ، ناھەقمۇ بەربىر ، پەقەت پەرمان بولسىلا بولدى ، ئالدىغا توغرىلانغان ئادەمنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈۋېرىدۇ . قاسساپ ھايۋاننىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سويىدۇ . ئوۋچى ھەر خىل جانىۋارلارنى ئوۋلايدۇ ، چىرايلىق قۇشلارنى تۇتۇپ قەپەستە ساقلايدۇ ، ئۇلارنى ھايات گۈزەللىكلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ .

سۇلتان ھۈسەيىن شائىر نەۋائىينىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بوپتۇ .

## نەۋائىي بىلەن مەدىكار

بىر ياش يىگىت مەدىكارلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن . ئۇ شۇ جەرياندا ئادەملەر ئارىسىدىكى جېدەل - ماجىرالارنى بېسىقتۇرۇپ ، بىرەرىنىڭ ھارۋىسى پېتىپ قالسا ، ھە - ھۇ دەپ چىقىرىشىپ بېرىپ ، كىشىلەرگە ياردەم قىلىپ يۈرىدىكەن . يىگىتتىكى بۇ خىسلەتلەرنى كۆرگەن نەۋائىي ئۇنى ھۆرمەتلەپ قاچان كۆرسە ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن سالام بېرىپ ئۆتىدىكەن . يىگىت نەۋائىينىڭ بۇ ھۆرمىتىگە ئەجەبلىنىپ : «مەن ئەتىدىن - كەچكىچە ئادەملەرنىڭ جېدەل - ماجىرالىرىنى بېسىقتۇرۇپ ، لايغا پاتقان ھارۋىلارنى چىقىرىشىپ بېرىپ يۈرسەم ، يا ناماز ئوقۇمىسام ، روزا تۇتمىسام ، نەۋائىي مېنى بۇنچىۋالا ھۆرمەت قىلىدۇ . بۇنداق يۈرۈشۈم تازا جايىدا بولمىدى . مېنىڭ بالا - چاقام بولمىغاندىكىن ، ماڭا مال - دۇنيانىڭ نېمە كېرىكى بار» دەپ ، «پىرغا قول بېرىپ» بىر خانىقادا كۈن بويى ھېچكىم بىلەن چاتىقى بولماي تائەت - ئىبادەت بىلەن ئولتۇرىدىغان بوپتۇ .

بىر كۈنى يىگىت خانىقادا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغانىكەن ، نەۋائىي خانىقانىڭ ئالدىدىن بىر يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆتۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاپتۇ. ھېلىقى يىگىت «نەۋائىي ئاجايىپ كارامەت ئادەم [illegible]، مېنىڭ نامازخان بولۇپ تائەت ـ ئىبادەت قىلىدىغانلىقىمنى بۇرۇنلا بىلىپ مېنى ھۆرمەت قىلغانىكەن» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بىلەن سالام بېرىپتۇ. نەۋائىي سالامنى ئىلىك ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىگىت «نەۋائىي يېنىمدىكى يىگىتنىڭ گېپىگە بېرىلىپ كېتىپ مېنى كۆرمەي قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەي نەۋائىي يەنە شۇ يىگىت بىلەن گەپلىشىپ كېلىپ قاپتۇ. خانىقادىكى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ. نەۋائىي يەنىلا پىسەنت قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ھەيران بولۇپ نەۋائىيدىن:

— تەقسىر، كۈن بويى بىكار يۈرگىنىمدە سالام بېرىپ ئۆتەر ئىدىڭىز، ئەمدى مەن ئەتىدىن ـ كەچكىچە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئولتۇرۇپ سىزگە سالام بەرسەم ئىلىك ئالمايسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەن ئاشۇ لاغايلاپ يۈرگىنىڭدە خەلققە پايدىڭ تېگىپ تۇراتتى. ئەمدى بولسا ئەتىگەنلىك ناشتاڭ بىلەن كەچقۇرۇنلۇق تامىقىڭنىڭ غېمىدە كۈن بويى باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ تەمە بىلەن ئولتۇرىسەن، سالىمىڭنى ئىلىك ئالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇ، — دەپتۇ نەۋائىي.

نەۋائىينىڭ بۇ سۆزلىرى يىگىتكە قاتتىق تەسىر قىلىپ يەنە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىشىنى قىلىدىغان بوپتۇ.

## نەۋائىي ۋە ۋەزىرلەر

ھۈسەيىن مىرزىنىڭ قىرىق ۋەزىرى بولغانىكەن، قىرىقىنچىسى ئەلىشىر نەۋائىي ئىكەن. بىر كۈنى بىر كەم قىرىق ۋەزىر نەۋائىيغا تۆھمەت قىلىپ، ئىغۋا توقۇپ ئۇنى ھۈسەيىن مىرزىغا چېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۈسەيىن مىرزا نەۋائىينى

ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاپتۇ .

بىر كۈنى ھۈسەيىن مىرزا تورۇسقا قاراپ يېتىپ ۋەزىرلەرگە «ئېلىپ كېلىڭلار !» دەپتۇ . ۋەزىرلەر چىلىم كەلتۈرۈپتۇ ، ئەمما ھۈسەيىن مىرزا يەنە «ئېلىپ كېلىڭلار !» دەپتۇ . ۋەزىرلەر ئۆزلىرى ئويلىغان ، مۆلچەرلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر كەلتۈرۈپتۇ . لېكىن ھۈسەيىن مىرزا يەنىلا «ئېلىپ كېلىڭلار !» دەۋېرىپتۇ . ۋەزىرلەر ھەيران بولۇپ :

— ئالىيلىرى ، ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كەلدۇق ، لېكىن سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزنى تاپالمىدۇق ، — دەپتۇ .

ھۈسەيىن مىرزا :

— ئەتە ئەتىگەن مەن ھەرەمدىن چىققۇچە شۇنى تېپىپ قويۇڭلار ، بولمىسا ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن ، — دەپ ھەرەمگە كىرىپ كېتىپتۇ .

ۋەزىرلەر ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىپ : «بىرىمىز نەۋائىينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپ بىلىپ كەلمىسەك بىز ئۆزىمىز تاپالمىغۇدەكمىز» دېيىشىپتۇ .

ۋەزىرلەرنىڭ ئارىسىدا بىرىنىڭ نەۋائىي بىلەن ئالاقىسى ياخشى ئىكەن ، شۇنىڭغا «سەن بېرىپ نەۋائىيدىن پادىشاھنىڭ ئىستىكىنى بىلىپ كەل» دەپ تاپشۇرۇپتۇ .

ھېلىقى ۋەزىر نەۋائىي بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭغا ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە : «سىز شۇنى ئېيتىپ بەرمىسىڭىز ئەتە ئۇ بىزنىڭ كاللىمىزنى ئالىدۇ» دەپتۇ .

نەۋائىي ئۇنىڭغا :

— سىز بىر ياغاچچى ئۇستا ئېلىپ بېرىڭ ، بىر قولىدا ھەرە ، بىر قولىدا كەكىسى بولسۇن ، — دەپتۇ .

ئەتىسى ھۈسەيىن مىرزا ھەرەمدىن چىقىپ ۋەزىرلەردىن :

— تاپتىڭلارمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

ۋەزىرلەر «تاپتۇق» دېيىشىپ ھەرە بىلەن كەكە كۆتۈرگەن بىر ياغاچچىنى ئېلىپ كىرىپتۇ . ھۈسەيىن مىرزا ياغاچچىغا قاراپ :

www.uyghurkitap.com

— مانا بۇ ۋاسىنى ئوڭشا — دەپتۇ .

ۋەزىرلەر قارىسا، ھۆسەيىن مىرزا قاراپ ياتقان تورۇسنىڭ بىر تال ۋاسىسى بۇزۇلغانىكەن .

## ئاقىلانە جاۋاب

ئەلىشىر نەۋائىي خوراسان ھاكىمى ھۆسەيىن بايقارانىڭ سارىيىدا باش ۋەزىر ئىكەن .

كۈنلەردىن بىر كۈنى ھۆسەيىن بايقارا ئەتىگەندە سارايغا كىرىشتىن بۇرۇن نەۋائىي بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ـ دە، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن بېشىنى كۆرسىتىپتۇ، نەۋائىمۇ خۇددى شۇ بارمىقى بىلەن تىلىنى كۆرسىتىپتۇ .

ھۆسەيىن بايقارا بېشىنى چايقاپتۇ ـ دە، سارايغا كىرمەي قايتىپ كېتىپتۇ .

بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرغان نەۋائىينىڭ شاگىرتلىرى بۇ ئىما ـ ئىشارەتلەرنىڭ مەنىسىنى سورىشىپتۇ . نەۋائىي بۇنىڭ جاۋابىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئويلاپ تېپىشىغا بۇيرۇپتۇ . شاگىرتلار ئويلاپ ـ ئويلاپ تاپالماپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرى خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ سىياھداننى ئۆرۈۋېتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن نەۋائىي :

— ئابدۇللەتىپ، خىيالىڭىز نېمانچە پەرىشان، سىياھداننى ئۆرۈۋەتتىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ .

— كەچۈرۈڭ ئۇستاز، — دەپ ئۆزرە سوراپتۇ ئابدۇللەتىپ، — ھېلىقى مەسىلىنىڭ جاۋابىنى ئويلاپ ئېسىمنى يوقىتىپتىمەن .

شۇ چاغدا نەۋائىي ھېلىقى ئىما ـ ئىشارەتنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ :

— ھۆسەيىن «باشقا بالانى نېمە كەلتۈردۇ» دەپ سورىغاندى، «تىل» دەپ جاۋاب بەردىم .

بۇنى ئاڭلاپ شاگىرتلار نەۋائىينىڭ زېرەكلىكىگە قايىل بولۇشۇپتۇ .

# يۈز مىسرا بىر پۇل

ئاسەفىي دېگەن شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىي ماھارىتىنى ئاشۇرۇشتا كۆز بوياماچىلىق قىلىپ ئۆز ئىشىغا بىپەرۋا قارايتتى. نەۋائىي ئۇنىڭ بۇ كەمچىلىكلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، ئۇنى ئۇنۇملۇك، ياخشى ئىشلەشكە ئۈندەيتتى. بىر كۈنى ئاسەفىي نەۋائىيغا:

— ئۇستاز، مەن ئەمدى سىز دېگەندەك ئىجادىيەتكە كىرىشتىم. مانا تۈنۈگۈن بازاردىن ئىككى پۇلغا شام ئېلىپ ئىجادىيەتكە ئولتۇرغانىدىم، شۇ شام يېنىپ تۈگىگۈچە 200 مىسرا شېئىر يازدىم، — دەپتۇ.

نەۋائىي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دېمەك، سىز يازغان ھەر يۈز مىسرا شېئىرنىڭ باھاسى بىر پۇل ئىكەن - دە — دەپتۇ.

*　　*

مەۋلانە فانىينىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئېغىر ئۆتكەن بولۇپ، بىر كۈنى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بىلەن ئېرىشكەن كونا سەللىسىنى شەھەر سىرتىدىكى دەريادا يۇيۇپ ئولتۇرغانىكەن، توساتتىن شامال چىقىپ سەللىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. موللا سەللىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرەي دېسە، كۆزىگە توپا - چاڭ كىرىپ ماڭالماپتۇ. كېيىن بىچارە يالاڭباش ھالدا يولىغا قايتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شەھەر ھاكىمى بىر كىشى ئارقىلىق دەرھال لىق پۇل قاچىلانغان بىر ھەميانىنى موللىغا تۇيدۇرماستىن ئۇنىڭ ئۆتەر يولىدىكى كۆۋرۈككە قويۇپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. موللا كۆۋرۈككە يېتىپ كېلىپ خىيالىغا، ئەمالار كۆۋرۈكتىن قانداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

ئۆتىدىكەن ، دېگەن پىكىر كېلىپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ، [illegible] ئەما ھېسابلاپ ھەمىياننى كۆرمەستىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ .

*　　　*

بىر كۈنى مەۋلانە مەجلىسى بابۇر پادىشاھنى مەدھىيىلەپ بىر قەسىدە يېزىپ ئۇنىڭ مەجلىسىدە ئوقۇپ بېرىپتۇ . شۇ ھامان پادىشاھنىڭ خىيالىغا موللا مەجلىسىنى شۇ يەردە يەتتە مىڭ تەڭگە بىلەن مۇكاپاتلاش پىكرى كەپتۇ . قەسىدىنى ئوقۇش جەريانىدا تاسادىپەن پادىشاھنىڭ ئېسىگە چاغاتاي جەمەتى ھەجۋىي قىلىنغان ۋە مۇھەممەد سالىھقا مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتقان بىر رۇبائىي كېلىپ قاپتۇ ـ دە ، سوراپتۇ :

— مۇھەممەد سالىھ ، بۇ رۇبائىينى نېمە مەقسەت بىلەن يازغان ؟

موللا رۇبائىي پادىشاھقا ياققان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە :

— رۇبائىينىڭ ئىجادكارى كەمىنە مەن بولمەن ، خاتا ھالدا مۇھەممەد سالىھقا مەنسۇپ دەپ قارىلىپ شۆھرەت تاپقان ، — دەپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن بىردىن پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى ئۆرلەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇماقچى بوپتۇ ، لېكىن ئەپۇ قىلىشنى لايىق كۆرۈپ :

— شېئىرنى مۇكاپاتلاشقا تەيىن قىلىنغان يەتتە مىڭ تەڭگە موللىنىڭ خۇننىڭ بەدىلى ھېسابلانسۇن ، ئۆزىنى بۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىڭلار ، — دەپتۇ .

*　　　*

بىر قېتىم دىۋانە ھۇسامى قەلەندەرلەر توپىغا قوشۇلۇپ زىيارەتكە كېتىۋاتقىنىدا ، ھەج يولىدىكى ۋىلايەتلەردىن بىرىنىڭ

ھاكىمنى ھۆكۈم تەلەپپۇزىدا :
— دىۋانە ھۇسامى ، مەندىن بىرەر نەرسە تىلەڭ ، — دەپتۇ .
دىۋانە دەپتۇكى :
— سىزنىڭ خەير ـ ئېھسانىڭىزغا ھېچقانداق ئېھتىياجىم يوق ، ئەمما بۇيرۇغىنىڭىزكى ، ماۋۇ پاشىلار ماڭا قونۇشمىسۇن !
— ئىلاج يوق ، — دەپتۇ ھاكىم ، — پاشىلار مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا قۇلاق سالمايدۇ .
ھۇسامى دەپتۇ :
— ھۆكۈمگە ئەرزىمەس پاشىمۇ قۇلاق سالمىغان كىشى بىراۋغا نېمىمۇ بېرەلىسۇن ؟ !

* *

بىر ئەما كىشى قاراڭغۇ كېچىدە قولىغا چىراغ ، يەلكىسىدە كوزا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى . يولدا بىر ئەزمە ئادەم ئۇچراپ ئۇنىڭغا دېدى :
— ئەي نادان ، سەن ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق باراۋەرغۇ ، چىراغنىڭ نېمە پايدىسى بار ؟
ئەما كۈلۈپ ئېيتتى :
— بۇ چىراغ ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس ، ساڭا ئوخشاش كۆڭۈل كۆزى كورلار ئۈچۈندۇر ، ماڭا سوقۇلۇپ كوزامنى چېقىۋەتمىسۇن دەيمەن .

* *

نەشتىرى زەھەر بىلەن بۇلغانغان چايان سەپەرگە چىقتى . كېتىۋېتىپ سۇ بويىغا يەتتى . نە ئالدىغا ماڭالماي ، نە ئارقىسىغا يانالماي تۇرۇپ قالدى ، تاشپاقا چايانىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا

رەھمى كەلدى . ئۇنى ئۇستىگە مىندۇرۇپ سوغا چۈشتى ۋە ئور[illegible]ە باشلىدى . بىر چاغدا تاشپاقا دۈمبىسىگە چايانىنىڭ نەشتەر سانجىشىدىن چىققان ئاۋازنى ئاڭلاپ «بۇ نىمە ئاۋاز ؟» دەپ سورىدى . چايان جاۋاب بېرىپ :

— بۇ سىنىڭ دۈمبەڭگە سانجىلىۋاتقان نەشتىرىمنىڭ ئاۋازى . نەشتىرىمنىڭ دۈمبەڭگە ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمەيۋاتىمەن ، — دېدى .

تاشپاقا ئۆز ـ ئۆزىگە : «ئەڭ ياخشىسى بۇ يارىماسنى يامان ئادەتتىن خالاس قىلاي ، ياخشىلارنى ئۇنىڭ زىيىنىدىن قۇتقۇزاي» دېدى ـ دە ، سوغا شۇڭغۇدى . چايانىنى دولقۇن ھالاك قىلدى .

* *

غەيرەت كەمىرىنى بىلىگە باغلاپ ، ئۆزىدەك ئون ھەسسە كېلىدىغان چىپكەتكىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىنى كۆرگەنلەر تەئەججۈپ بىلەن دېدى :

— بۇ چۈمۈلىگە قاراڭلار ، ئۆزى شۇنچە كىچىك بولسىمۇ شۇنچە ئېغىر يۈكنى توشۇماقتا .

چۈمۈلە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلدى ۋە :

— مەردلەر يۈكنى بەدەن قۇۋۋىتى ۋە تەن سالاپىتى بىلەن ئەمەس ، ھىممەت كۈچى ۋە بىرلىك بىلىكى بىلەن كۆتۈرىدۇ ، — دېدى .

# كىم ئاقىل

## مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي

*مۇھەممەد سىددىق رەشىدىينىڭ «تەزكىرەتۇل - ئەۋلىيا تۈركى» («ئەۋلىيالار ھەققىدىكى تۈركىي تەزكىرىلەر») ناملىق كىتابى مىلادىيە 1860 - يىلى يېزىپ تاماملانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك ھېكمەتلىك رىۋايەتلەر، ھېكايەتلەر ۋە لەتىپىلەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئىلمىي، پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئەخلاقىي دىداكتىك مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن.*

*　　　*

ھاتەم ئېيتىدۇ، ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن شەيتان كېلىپ ۋەسۋەسە سالىدۇ:

— بۈگۈن نېمە تائام يەيسەن؟

— ئۆلۈمنى يەيمەن.

ئۇ يەنە دەيدۇ:

— نېمە ئېگىن كىيىسەن؟

مەن دەيمەن:

— كېپەن كىيىمەن.

ئۇ دەيدۇ:

— نەدە بولىسەن؟

مەن دەيمەن:

— گۆردە بولىمەن.

ئۇ مەندىن بۇ جاۋابلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «بۇ ئادەمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

يامىنى ئىكەن» دەپ چىقىپ كېتىدۇ .

*          *

بىراۋ ھاتەمنىڭ يېنىدا دېدىكى :
— پالانى كىشى نۇرغۇن مال - دۇنيا يىغىپتۇ .
ھاتەم دېدى :
— تىرىكلىكىنىمۇ يىغىپتۇمۇ ؟
— ياق .
ھاتەم دېدى :
— ئۇنداق بولسا ، ئۇ مال نېمە ئىشقا يارىغۇسىدۇر ، ئۆلۈككە مالنىڭ نېمە پايدىسى يېتەر .

*          *

ئىبراھىم ئەدھەم بىر كۈنى دەريا بويىدا جەندىسىنى ياماپ ئولتۇراتتى . بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭغا دېدى :
— بەلخنىڭ پادىشاھلىقىنى تاشلاپ نېمە تاپتىڭ ؟
ئىبراھىم قولىدىكى يىڭنىنى دەرياغا تاشلىدى - دە ، دەرياغا ئىشارەت قىلىۋىدى ، مىڭ بېلىق دەريادىن بېشىنى چىقاردى ، ھەربىرىنىڭ ئېغىزىدا بىردىن يىڭنە ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا كەلدى .
ئىبراھىم دېدى :
— ماڭا ئۆزۈمنىڭ يىڭنىسى كېرەك .
بىر نىمجان بېلىق ئىبراھىمنىڭ يىڭنىسىنى چىشلەپ ئېلىپ كېلىپ ئىبراھىمغا بەردى .
ئىبراھىم ھېلىقى كىشىگە دېدىكىم :
— بەلخنىڭ پادىشاھلىقىنى تاشلاپ تاپقىنىمنىڭ ئاز بىر قىسمى شۇدۇر ، باشقىسىنى بىلمەيسەن .

*　　*

بايەزىد مەككىدىن ھەمەدان شەھىرىگە كەلدى ۋە بازاردىن يېيىش ئۈچۈن زاراڭزا ئالدى[1] . ھاجىتىگە سەرپ قىلىپ بىر چاڭگال زاراڭغا ئاشقاندى ، ئۇنى جەندىسىنىڭ بۇرجىكىگە تۈگۈپ قويدى ـ دە ، بەستامغا يېتىپ كەلدى . جەندىدىن زاراڭزىنى ئېلىپ كۆردىكىم ، ئىككى ـ ئۈچ چۈمۈلە زاراڭزا بىلەن بىللە كەپتۇ . بايەزىد :

— ھەي ئىست ، بۇلارنى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىپتىمەن ،— دەپ ئۇ چۈمۈلىلەرنى ھەمەدانغا ئېلىپ بىرىپ چۈمۈلىلەر ماكانىغا يەتكۈزۈپ قويدى .

*　　*

بايەزىدنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسۈپ ئىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆك كەلگەنسېرى ، ئۇنىڭ سۆزلىرى خالايىققا ياقمىدى ـ دە ، يەتتە قېتىم بەستام شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى . شۇ چاغدا بايەزىد دېدىكىم :

— بەستام نېمىدىگەن ئوبدان شەھەر ـ ھە ، يامىنى بايەزىدتۇر .

*　　*

بىر كېچىسى بايەزىد گۆرىستانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى ، بەستامنىڭ ئۇلۇغزادىلىرىدىن بىر يىگىت قولىدا راۋاب مەست ھالدا كېلىپ بايەزىدنىڭ بېشىغا راۋاب بىلەن ئۇردى . راۋاب سۇندى ، بايەزىدنىڭمۇ بېشى يېرىلدى .

بايەزىد ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . ئەتىسى ئەتىگەندە مۇلازىمى

---

① زاراڭزا — بىر خىل يېگىلى بولىدىغان مېۋە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق بىر تاۋاق ھالۋا ۋە راۋابنىڭ پۇلىنى ھېلىقى يىگىتكە ئەۋەتىپ بېرىپ ئۆزرە بىلەن دېدىكىم ، «تۇنۇگۇن راۋابىڭ مېنىڭ بېشىمغا تېگىپ سۇندى . بۇ پۇلغا يەنە بىر راۋاب ئالغىن ۋە بۇ ھالۋىدىن بىر - ئىككى قوشۇق يېگىن . شۇ ئارقىلىق راۋابىڭ سۇنغانلىقنىڭ غېمى ۋە كۆڭۈل ئاغرىغانلىقنىڭ ئاچچىقى ئېسىڭدىن چىقسۇن .»

ھېلىقى يىگىت بۇ ھالنى كۆرۈپ ۋە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كېلىپ شەيخنىڭ ئايىغىغا باش قويدى .

* *

ئىمام جەئفەرى سادىق ئىمام ئەبۇ ھەنىپىدىن سورىدى :

— قانداق ئادەم ئاقىل ھېسابلىنىدۇ ؟

ئىمام ئېيتتى :

— ياخشى ۋە يامانني بىلەلەيدىغان ئادەم ئاقىل ھېسابلىنىدۇ .

جەئفەرى سادىق ئېيتتى :

— بۇنداق بىلىش ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ . ئۇلار قامچا بىلەن ئۇرغاننى ۋە بوغۇز بەرگەننى پەرق ئېتىدۇ .

ئەبۇ ھەنىپە ئېيتتى :

— سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە قانداق ئادەم ئاقىل ھېسابلىنىدۇ ؟

جەئفەرى سادىق ئېيتتى :

— ئىككى ياخشىنىڭ ئارىسىدىن ياخشىراقىنى تاللىغان ۋە ئىككى يامانىنىڭ ئارىسىدىن ياخشىراقىنى ئىختىيار قىلغان ئادەم ئاقىل ھېسابلىنىدۇ .

* *

فۇزەيل ئېيتىپتۇ :

— بەتبەختنىڭ بەلگىسى بەشتۇر : بىرىنچىسى — كۆڭلى

قاتتىقلىق ، ئىككىنچىسى — كۆزى ئۇياتسىز ، ئۇچىنچىسى — شەرم ـ ھاياسىزلىق ، تۆتىنچىسى — مال ـ دۇنياغا تويماسلىق ، بەشىنچىسى — ئۇمىد رىشتىسىنى ئۇزاققا سىلىش ، يەنى بۇ يىل مۇنداق قىلاي ، كېلەر يىلى ئۇنداق قىلاي ، دېيىش .

*          *

دەپتۇلەركىم :
— ئىككى ئىش كۆڭۈلنى زەئىپلەشتۈرىدۇ ، يەنى بىرىنچى — كۆپ يېمەك ، ئىككىنچى — كۆپ ئۇخلىماق .

*          *

شەيخ مالىك ئېيتىپتۇ :
— بۇ زامان خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى خۇددى بازار تامىقىغا ئوخشاش ئاچچىق ھېس قىلدىمكى ، كۆرۈنۈشى گۈزەل ، ئەمما تەمى بەتتەمدۇر .

*          *

ھەرقانداق ئادەمنىڭ سۆزى ھېكمەتتىن چەتنىسە بەئەينى ئاپەتتۇر .

*          *

ئىمام جەئفەرى سادىق دەپتۇرلەر :
— بەش كىشىنىڭ سۆھبىتىدىن ھەزەر ئەيلىگىن : بىرىنچى — يالغانچى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولساڭ يەيدىغىنىڭ ھەمىشە ئالدامچىلىقتۇر . ئىككىنچى — ئەخمەق . ساڭا پايدىلىق دەپ بىر ئىش قىلسا زىيىنىڭ شۇدۇر . ئۇچىنچى — بېخىل . كۆنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوبدان ۋاقىتتا سەندىن ئايرىلار . تۆتىنچى — قورقۇنچاق .
بولغاندا سېنى تاشلاپ كېتەر . بەشىنچى — پاسىق . بىر قوشۇق
ئاشنىڭ تەمەسىدە سېنى يېرىم قوشۇق ئاشقا ساتار .

*　　　*

بىر كىشى بەشىرنىڭ قېشىغا كېلىپ مەسلىھەت سورىدى :
— ئىككى مىڭ ئەشرەپى پۇلۇم بار ، ھەممىسى ھالال ، ھەجگە
بارايمىكىن دەيمەن ؟
بەشىر دېدى :
— تاماشا قىلغىلى بارامسەن ؟ ئەگەر خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن
بارماقچى بولساڭ ، ئۇ پۇل بىلەن بىر قەرزدارنىڭ قەرزىنى ئادا
قىل ياكى بىر يېتىمگە بەرگىن ۋە ياكى بىر ئاجىزەگە بەرگىنكىم ،
بىر كىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ كۆڭلىگە راھەت يەتكۈزسەڭ ساڭا
ئۇنىڭ ساۋابى يۈز ھەجدىن زىيادە بولۇر .

# ئالتۇن ھالقىلار

ئەللامە زەمەخشەرىي

## كىبىرنىڭ يامانلىقى ھەققىدە

ئەي ئىنسان ئوغلى ! ئۆزۈڭ لايدىن يارىتىلدىڭ . ئىچىڭ بولسا كىبىر ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن تولغان . . . بەزىدە ئۆتكەن كۈنۈڭ بىلەن ماختىنىسەن ، بەزىدە بايلىقىڭ ، مال ـ مۈلكۈڭ ۋە نەسلىڭ بىلەن ئىپتىخارلىنىسەن . كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقۇڭ بىلەن باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش ساڭا يارىشامدۇ ؟ ئەجدادىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەنمۇ ماختانما . دىققەت قىل ۋە سەگەك بول !...

دوستۇم ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھالىڭ نېچۈك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قوي . مانا شۇ يامان ئادەتلىرىڭنى ئازايت . ئىنسانغا ياراشمايدىغان كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقنىمۇ تاشلا .

## غەپلەتتىن ئويغان

ئەي ئىنسان ئوغلى ! ئۆمرۈڭ قۇيۇندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ . سەن بولساڭ تار كۆز قارىشىڭدىن كەلگەن غەپلەت ۋە ئەقىلسىزلىق بىلەن بۇ زاۋاللىق ئالەمدە ئەسىرلەر بويى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىسەن .

قارىغىنا ، ھاياتىڭ پۈتۈنلەي كۈندۈزنىڭ يورۇقى ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدەكلا بىر نەرسە ! ۋاقتىڭنى غەپلەت ئۇيقۇلىرى بىلەن ئۆتكۈزمە . جىددىيەت ۋە غەيرەت تۇلپارىنى مىنىپ ، سالامەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەنزىلىگە ئۇلاشقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىرىگە مەنسۇپ .

## ياخشى ئادەمنىڭ خىسلىتى

ھۆرمەتكە سازاۋەر ، نومۇسلۇق ئادەمنى باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشقا ئۈندىسە ، ئۇنىڭغا دەرھال قارشى چىقىدۇ . ئېسىلزادە ئادەمگىمۇ بىرىنى ھاقارەتلەش ۋە خورلاش ۋەزىپىسى بېرىلسە بۇ ۋەزىپىدىن شۇئان ئۆزىنى تارتىدۇ . ھەقىقىي ئىنسانلىق كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان كىشى ئىنسانىيەتكە يات بولغان ھەرخىل ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ . بۇ ۋەزىپە ئادەم ئەمەس ، بىرەر ھايۋانغا تاپشۇرۇلسىمۇ ، تۆپىقىنىڭ سۇنۇشى ، توقۇمىنىڭ دۈمبىسىنى يېغىر قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ تىترەيدۇ . بۇ خىل خىسلەت گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى بولغان پاك ئىنسانلارغىلا خاس بولۇپ ، ھارام سۈت ئەمگۈچىلەردە بولمايدۇ .

ئىت قۇيرۇقىدا ياغ ۋە كۈچ بولمىغىنىدەك ، ئېسىللىقى بولمىغان ئادەمدىمۇ ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولمايدۇ .

## يۈزسىزلىك ۋە ھاياسىزلىق ھەققىدە

يۈزسىزلىك باي بولۇشنىڭ شەرتلىرىدىندۇر . بۇ يۈزسىزلىك ئۆز خوجايىنىغا قانچىلىغان مال ـ مۈلۈك ، پۇل تېپىپ بېرىپ ، ئارزۇلىرىنىڭ ئالدىدىكى قۇلۇپلانغان ئىشىكلەرنى ئاچىدۇ ۋە ئەڭ ئېسىل مېۋىلەرگە قول ئۇزاتقۇزىدۇ . ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن گەپ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدىمۇ ھاياسىزلىق بىلەن ئېغىز ئېچىش جۈرئىتىنى بېرىدۇ .

لېكىن ، يۈزىدە ھايا بولغان كىشى تىلىدىكى نومۇس تۈگۈنىنى ئېچىۋېتەلمەي ، ھالىنىمۇ ئۇقتۇرالماي ، ھەمىشە بىچارە ھالدا گاڭگىراپ يۈرىدۇ ، جاھاندارچىلىق ۋە تاپاۋەت يوللىرىنى ياخشى بىلمىگەنلىكىدىن غەم ـ غۇسسە پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ . باشقىلار

دۇنيا ـ نېمەتلەرگە چۆكۈپ ، كەيپ ـ ساپا سۈرۈۋاتقاندا ، بۇ بىچارە يوقسۇللۇق ئىچىدە كۆيۈپ پىشىدۇ .
بىراق ، ئالەمدە نە ئۇنداق تاپاۋەت ۋە تىجارەت ، نە ئۇنداق ئەسەبىيلىك ۋە ھاياسىزلىق بولسۇن ... ؟ ھايا ھەققىدە قەسەم قىلىمەنكى ، يۈزسىزلىك بىلەن ئېرىشكەن تاپاۋەتنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق . پېشانەڭنىڭ تەرلىشى كىبىر ۋە مەغرۇرلۇقتىن چىرايلىق . سېنىڭ بىر يۇتۇم سۇغا ئىگە بولماي تۇرۇپمۇ ئىپپەت ـ نومۇسۇڭنى ساقلىشىڭ ، دەريالارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ، يۈزۈڭدە بىر تامچە سۇ كۆرۈنمەسلىكىدىن ياخشىراق .

## زامان ئۆزگەرسىمۇ ھەق يولدىن ئايرىلما

دۇنيا دەۋردىن ـ دەۋرگە ، ئىنسانلارمۇ بۇ دۇنيادا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتمەكتە . سەن ھەركۈنكى ھەرىكىتىڭدە ھەق يولنى تۇت . ھەرقايسى جەمئىيەتلەر بىلەن پىكىر ئايرىمچىلىقلىرىڭنى ھېسابقا ئالغان ھالدا بىللە ئولتۇرۇشنى بىل . ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشقا تىرىشقىن . چۈنكى ، زاماننىڭ ئېقىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ زامانغا نىسبەتەن كۆز قارىشى ھەر دائىم ئارزۇ قىلغىنىڭدەك بولمايدۇ .
ھەربىر ئارزۇيۇڭدا دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەر ساڭا ماسلاشماسلىقى مۇمكىن . يامان نىيەتلىك كىشى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سېنىڭ پىكرىڭگە يول قويغاندەك كۆرۈنسىمۇ ، بۇنداق يول قويۇشنىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما . ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇۋەتمىگىنكى ، داۋاملىق ئۇنداق بولىۋەرمەيدۇ .
زامان ھادىسىلىرىنىڭ تېگىدە بېسىلىپ قالما ، ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھادىسىلەرنى بېسىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن باش تارتما . توغرا يولدا قەيسەر بول ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شەرەپنى ئۆزۈڭ قازىنىشىڭ كېرەك

ئاتاڭدىن قالغان شۆھرەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالما، ئۇ شەرەپ ۋە شۆھرەت ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپتۇر. ئەجدادىڭدىن قالغان شان ـ شەرەپ ۋە شۆھرەتكە سەنمۇ يېڭى ۋە مۇناسىپ شان ـ شەرەپلەرنى قوشقىن. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي شەرەپلىك بولىسەن. ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپكە ئىنتىشەنچىڭ بولمىغۇچە، ئاتاڭنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن شەرەپلىك بولۇش دەۋاسىدا بولما. پەقەت ئۆزۈڭگە خاس شەرەپ بولمىغۇچە، باشقىلارنىڭ شەرىپى ساڭا ئەسقاتمايدۇ.

ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ بىلەن شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ ئارىسىدىكى پەرق بۈگۈن بىلەن تۈنۈگۈن ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشاش. تۈنۈگۈنكى رىزقىڭنىڭ بۈگۈنگە پايدىسى بولمىغىنىدەك، تۈنۈگۈنكى توقلۇقۇڭنىڭمۇ بۈگۈنكى ئاچلىققا پايدىسى يوق.

ساڭا كېرىكى، بۈگۈنكى ۋە شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان ئېتىباردۇر.

# ھەق ۋە دەلىل

مەن ھەق بىلەن دەلىلگە ئوخشاش بىر ـ بىرى بىلەن مۇساپىقىلىشىدىغان ئىككى بەيگە ئېتىنى كۆرمىدىم. بۇلار مۇرىنى مۇرىگە تىرىگەن ھامان ھەق تەلەپ قىلمايدىغان بىر نىمەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئىككى دوستتىن بىرىدەممۇ ئايرىلمىغىن. ئۇلار ئەبانەيىن تاغلىرىدەك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماس ئىككى دوست بولۇپ، ئۇزەڭگىلىرىگە يېپىشقان ئىززەتلىرى بىلەن ئەزىزدۇر.

بۇلاردىن ئايرىلغانلار نەپسى پەسلەردىنمۇ پەسكەش، قەدىرسىزدىنمۇ قەدىرسىزدۇر.

## پىداكار بولۇش

بىر ئىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كۆرسىتىپ ئىرادە باغلىغانلىكەن، ئېھتىيات بىلەن توغرا ۋە ئەتراپلىق ئويلاش، ئەقىلسىزلىق ۋە قابىلىيەتسىزلىكنى تاشلاپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ۋە ھەرقانداق ئىشتا تولۇق قەيسەرلىك بىلەن جاسارەت كۆرسىتىش، مۇھىم بىر ئىش يۈز بەرگەندە ئۇنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن غەيرىتىنى سەرپ قىلىپ ئالدىغا ئۇچرىغان توسالغۇلاردىن ئىككىلەنمەي ئۆتۈش ... مانا بۇلار پىداكارلىق مەيدانىدا قىلىنىغان شۇنداق بىر مۇسابىقىلەركى، پەقەت ئۇ مەيداننىڭ يېگانىلىرىلا بۇ مۇسابىقىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ.

بۇ مەيداندا دۇرۇس تەبىئەتلىك ۋە قىيىنچىلىقلارغا كۆكسىنى كېرەلەيدىغان كىشىلەر ھادىسىلەرنىڭ ۋە پالاكەتلەرنىڭ ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، ئۆزىگە ئوخشاشلار ئارىسىدا ئۈستۈن تۇرماقچى بولىدۇ. ئاڭسىز ئەخمەقلەر ئۆز قابىلىيەتسىزلىكلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر مۇنچە سەۋەب ۋە باھانىلەرنى كۆتۈرۈۋېلىشىدۇ. بۇ خۇددى بىتەلەيلەر ئۈچۈن خەير ـ ساخاۋەتلەرنىڭمۇ بۇ مەيداندىن پۈتۈنلەي قاچقىنىدەك بىر ئىشتۇر.

## ئىنساننىڭ بىر خۇيى

ئادەم — ئالدىراقسان، سەۋرسىز، ئەقلى يېنىك ۋە ھەر دائىم جىددىيەتلىك ئىچىدە پالاقلاپ يۈرىدىغان بىر مەخلۇق. مېنىڭچە، بۇنداق جىددىيلىك بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرمىسە ئاچ قالىدۇ ۋە مۇشۇنداق ئالدىرىغىنىچە تەبىئىي ئۆلۈمنى كېچىكتۈرىدۇ. ئالدىراش ۋە جىددىيەتلىك ئىچىدە دەۋران ۋە جەۋلان قىلىش بىلەن تېخىمۇ ياخشى ھاياتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا، چېچىلاڭغۇ ئىشلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىغىشتۇرالايدىغانلىقىغا ، پەرىشان ئەھۋالنى [illegible]ىغا چۈشۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ .

ئۇنىڭغا ھەرقانچە : «توختا ، ئېغىر بول !» دېيىلسىمۇ ، ئۆز ھەلەكچىلىكى ۋە سەۋرسىزلىكى يولىدا تاغۇ تاش ، دەريا ـ داۋان دېمەي تەرسالىق ۋە جاھىللىق بىلەن پالاقلاۋېرىدۇ .

بۇ ئەقىل يېنىكلىكى ۋە ئالدىراڭغۇلۇق ئادەم بالىسىنىڭ ئانىدىن تۇغما بىر خۇيى بولۇپ ، كىشى ئۇنىڭدىن زادى قۇتۇلالمايدۇ . خۇيلارنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئىي ۋە تۇغما بولىدۇ . تەمكىنلىك ۋە يېنىكلىكمۇ مانا شۇ خۇيلاردىندۇر .

## ئىنسان ئادىل ۋە دۇرۇس بولۇشى كېرەك

قەلبىدىن ئادالەت ۋە ئىنساپ ئورۇن ئالغاندىن كېيىن زۇلۇم ۋە ئىنساپسىزلىق پاتقىقىغا پاتقان كىشىگە ئوخشاش ، پاك ـ پاكىز سۇ ئۇستىگە لاي سۇ ئىچىدىغان ئادەم يوقتۇر .

ئادالەت بۇلىقى — جۇلالاپ تۇرغان ئەينەكتىن چىرايلىق ۋە توغرا سۆزلەر چىقارغان ئەقلىدىنمۇ پارلاقتۇر . زۇلۇم دەرياسى بولسا تۆگىگە يېپىشقان قەترادىن ۋە يالغان ۋەدىدىنمۇ قاراڭغۇ ۋە ئېپلاستۇر .

ئىنساپلىق ئادەم باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە كىمنىڭ ھەققى بولسا ئۇنى بېرىدۇ . زالىم بولسا باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتىن خۇش بولىدۇ ۋە قولىدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ .

## گەپ قىلىش ھەققىدە

تىلنىڭ ياخشىسى ئېغىزنى چىڭ تۇتۇپ ، ئاز سۆزلەنگىنى .
سۆزنىڭ ياخشىسى بولسا تۇتاملىق ،قائىدىلىك بولغىنىدۇر .

ئەگەر گەپ قىلىدىغان بولساڭ سۆزۈڭ مۇمكىنقەدەر ئاۋازسىز

بولسۇن . سۆھبەت ۋە مۇھەببىتىڭنى سالماقلىقىڭ بىلەن بىزە ۋە ئەدەپكە ھۆرمەت قىلىشىڭ بىلەن پەردازلا ··· پىكىرلىرىڭ مىزراك (ئۆزۈن نەيزە ) بوغۇملىرىدەك ساغلام ۋە تۇتاملىق بولسۇن . سۆز تەرپىدە ۋە سۆز تاللاشتا ئالدىراپ كەتمە ، سۆزدىكى يېنىكلىك نۇقسان ۋە چۈشىنىكسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا شۇنىمۇ ئۇنتۇمىغىنكى ، سىلىقلىق سۆزنىڭ زىننىتىدۇر . سۆزلەشكۈچىنى ئۇنىڭ سالماق ۋە ئېغىر - بېسىقلىقىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ .

## ئەقىللىق ئادەم ۋە ئەخمەق ئادەم

ئەقىللىق ئادەم ئەقىل ۋە مەنتىق نېمىنى تەلەپ قىلسا ھېچ ئىككىلەنمەي «لەببەيكە» دەپ يۈگۈرىدۇ .

ئەخمەق ئادەم بولسا بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى بىلەن ھېچقانداق ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ۋە كۆتۈرەملەردەك ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرالمايدۇ .

## ئىنسان ئەمەل ۋە ئېتىقادى بىلەن ئىنساندۇر

ئىنسان تىل ۋە يۈرەكتەك ئىككى پارچە گۆش بىلەن ئەمەس ، ئەمەل ۋە ئېتىقادتەك ئىككى چوڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئىنساندۇر . بۇ ئىككى چوڭلۇق ئۇنىڭغا يار بولمىغۇچە ، ئىككى كىچىكنىڭ ھېچقانداق پايدىسىنى كۆرەلمەيدۇ .

ئەقىل - پاراسەت ۋە زېرەكلىكنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەياسنىڭ قەلبىدە كۆرۈنگەن ياخشىلىق ئازغىنا ئەقىل ۋە پاراسەتتۇر .

چىرايلىق ئىبارىلەر ئارقىلىق سۆزلىشى بىلەن مەشھۇر بولغان قۇس بىن سەئىدەنىڭ تىلىدا كۆرۈلگەن ئىززەت بولسا ئازغىنا سۆز قابىلىيىتىدۇر .

ئېتىقاد ۋە ئەمەللىرى بولمىغان بولسا، بۇلار ئۇلارغا قىلارمىدى؟

## تەكەببۇرلۇقنى تاشلا

ئەي خورلۇق ۋە ھاقارەتكە لايىق قۇل! ئۇستۇڭدىكى بۇ كىبىر ۋە ئۇلۇغلۇق تونى، چىرايىڭدىكى خەلقنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ سىڭاريان قاراشلىرىڭ نېمىسى؟ ... ئاشۇ تەكەببۇرانە قارىشىڭنى تۈزەت! ئېھتىمالكى بابكار شۇ ئاندا كېپىنىڭنى توقۇۋاتقاندۇ ...

## تىل يارىسى پەيدا قىلىشتىن ساقلان

قانچىلىك قوراللار باركى، ئۆزىنى كۆتۈرگۈچىگە ئۆز ئىشارىتى بىلەن «مېنى قولۇڭغا ئالما» دەيدۇ. قانچىلىك سۆزلەر باركى، ئۆزىنى سۆزلىگۈچىگە «مېنى تىلغا ئالما» دەيدۇ.

ھەقىقەتەن تىلنىڭ ئۇ ئۆتكۈر ئۇچى ئۆزۈن نەيزە ئۆتمەيدىغان «يەرگىمۇ ئۆتىدۇ ۋە نەيزە تەسىر قىلالمىغان تەسىرنى قىلىدۇ.

قەسەم قىلىمەنكى، سۆز بىلەن بىر كىشىنىڭ نومۇس ۋە شەرىپىگە تېگىپ يۈزىنى چۈشۈرمەك ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندىنمۇ يامان.

ئۇنداق ئىكەن، ئاغزىڭغا كەلگەننى ئېيتىشتىن ساقلان. ھالبۇكى «نېمىشقا» ۋە «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويساڭ، ئالدى ـ كەينىنى ياخشى چۈشىنەلەيسەن.

## ئىلىم ۋە ئەمەل

ئەمەلى بولغان كىشى ئۈچۈن ئىلىم بىنا ياسىغان ئۇستىنىڭ ئاسما تېشىغا ئوخشاشتۇر. ئالىم ئۈچۈن ئەمەلمۇ قۇدۇقتىن سۇ تارتقۇچىنىڭ چېلەك باغلىغان ئارغامچىسىدۇر. ئاسما تېشى

بولمىغان ئۇستا بىنانى تۈز چىقىرالمىغىنىدەك ، ئارغامچىسى بولمىغان چېلەك ئىگىسىمۇ سۇ تارتىپ ئۇسسۇزلۇقنى باسالمايدۇ .

كىم كامىل ئادەم بولۇشنى خالىسا ھەم ئالىم ، ھەم ئامىل (ئەمەل قىلغۇچى ) بولۇشى كېرەك .

## يەنە قانچىلىك

ھوشيارلىقىڭنى يوقىتىپ غەپلەتكە شۇنچە پاتتىڭ ۋە پىتنە ـ پاسات ئوتى ئالدىدا ئىسسىنىشنى شۇنچە ئۇزارتتىڭ . كۆپ قېتىم ئايىغىڭ تايغان ھاللاردىمۇ يەنە ھېچقانداق كارامەت ئەسىرىنى كۆرسەتمىدىڭ ... بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن قاچان ئويغىنىسەن ، يىقىلغان يېرىڭدىن قاچان دەس تۇرسەنكىنتاڭ ؟

## دۇنيا ئاشىقلىرى

ئەي دۇنيا ! باشلىرىغا كەلگەن جۇدالىق بالاسىغا ھەسرەت چېكىپ ، سەن ئۈچۈن جىگەرلىرى پارە ـ پارە بولۇپ كۆزلىرى قان يىغلىغان نەقەدەر دەردلىك ئاشىقلىرىڭ باردۇر ... سېنىڭ جاپالىرىڭ سانسىز ، ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرىمۇ قۇمدەك .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدا

## ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابىي

*شەرق خەلقلىرىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى، ئالەمشۇمۇل ئالىم، شەرقنىڭ ئارستوتىلى دەپ شۆھرەت قازانغان فارابىي مىلادىيە 870 ـ يىلى سىر دەريا ۋادىسىدىكى فاراب (ئوترار)دا تۇغۇلغان. مىلادىيە 950 ـ يىلى دەمەشق شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. پەلسەپە ۋە باشقا پەنلەر بويىچە 160 تىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ ياۋروپادىكى ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان ۋە تەتقىق قىلىنغان.*

## پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ سۈپەتلىرى توغرىسىدا

بۇنداق شەھەرگە باشلىق بولىدىغان ئادەم ھېچكىمگە بېقىنمايدىغان بولۇشى كېرەك. پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ بىرىنچى باشلىقى شۇ شەھەر ئاھالىسىگە ئىماملىق قىلالايدىغان ئاقىل كىشى بولۇپ، ئۇ تەبىئىتىگە ماس ھالدا ئون ئىككى خىل خىسلەت ـ پەزىلەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇشى كېرەك. پەزىلەتلىك شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدى بىلەن تۆت ئەزاسى (پۇت ـ قول، كۆز ۋە قۇلاق) ساق ـ ساغلام بولۇشى، ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشتە بىرەر ئەزاسىدىكى نۇقسان تۈپەيلىدىن قۇلايسىزلىق سەزمەسلىكى لازىم. ئىككىنچىدىن، بۇنداق شەھەر باشلىقى خاراكتېر جەھەتتىن ئىنچىكە، پاراسەتلىك بولۇشى، سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزلىرىنى، پىكىرلىرىنى تېز چۈشىنىپ، تېز

تەسەۋۋۇر قىلالىشى ، شۇ ساھەدىكى ئومۇمىي ئەھۋالنىڭ
قانداقلىقىنى ئېنىق بىلەلىشى زۆرۈر . ئۈچىنچىدىن ، ئۇ بىلگەن ،
كۆرگەن ، ئاڭلىغان ، چۈشەنگەن نەرسىلەرنى خاتىرىسىدە تولۇق
ساقلىيالىشى ، بارلىق تەپسىلاتلارنى ئۇنتۇماسلىقى زۆرۈر .
تۆتىنچىدىن ، ئۇ زېھنىي ئۆتكۈر ، زېرەك بولۇپ ، ھەر قانداق
نەرسىنىڭ ئىنچىكە ئالامەتلىرىنى ۋە ئۇ ئالامەتلەرنىڭ نېمىنى
بىلدۈرىدىغانلىقىنى تېزدىن بىلىپ سېزىۋالالايدىغان بولۇشى
زۆرۈر . بەشىنچىدىن ، ئۇ پىكرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن
ئۆز مەقسىتىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىيەلىشى زۆرۈر .
ئالتىنچىدىن ، ئۇ تەلىم ئېلىشقا ، ئىلىم - مەرىپەتكە ھېرىسمەن
بولۇشى ، ئوقۇش ، ئۆگىنىش جەريانىدا ئەسلا چارچىمايدىغان ،
بۇنىڭ مۇشەققىتىدىن قاچمايدىغان بولۇشى زۆرۈر . يەتتىنچىدىن ،
تاماق يېيىشتە ، ئىچىملىك ئىچىشتە ، ئاياللار بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتتە نەپسىنى يىغالايدىغان بولۇشى ، ئويۇن - تاماشىدىن
ئۆزىنى تارتالايدىغان بولۇشى زۆرۈر . سەككىزىنچىدىن ، ئۇ
ھەقىقەتنى ، ئادىل ۋە ھەقىقەتنى ياقلايدىغان ئادەملەرنى سۆيىدىغان ،
ساختا ۋە يالغانچىلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇشى زۆرۈر .
توققۇزىنچىدىن ، ئۇ غۇرۇرلۇق ، ئار - نومۇسلۇق ئادەم بولۇشى ،
پەسكەشلەردىن يۇقىرى ، يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇشى ، ئەسلىدىنلا
بۈيۈك ھىممەت ئىگىسى بولۇشى ، ئۇلۇغ ، ئالىي ئىشلارغا
ئىنتىلىشى زۆرۈر . ئونىنچىدىن ، بۇ دۇنيانىڭ ماللىرىغا ،
ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە قىزىقمايدىغان بولۇشى زۆرۈر . ئون
بىرىنچىدىن ، تەبىئىتىدىن ئادالەتپەرۋەر بولۇپ ، ئادىل ئادەملەرنى
سۆيىدىغان ، ئىستىبدات ۋە جەبىر - زۇلۇمنى ، مۇستەبىت ۋە
زالىملارنى ياقتۇرمايدىغان ، ئۆز كىشىلىرىگە ، شۇنداقلا
باشقىلارغىمۇ ئادىل بولۇپ ، ھەممىنى ئادالەتكە ئۈندىگۈچى ، ناھەق
جاپا چەككەنلەرگە مەدەت بەرگۈچى ، ياخشىلىقلارنى ۋە ئۆزى
سۆيگەن گۈزەللىكلەرنى ھەممەيلەن بىلەن ئورتاقلىشالايدىغان
بولۇشى زۆرۈر . ئۆزى ھەققانىيەت ئالدىدا جاھىللىق قىلماي ئادىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىش تۇتۇش بىلەن بىللە ، ھەرقانداق ھەققانىيەتسىزلىك ، پەسكەشلىك ئالدىدا مۇرەسسەسىز بولۇشى زۆرۈر . ئۇن ئىككىنچىدىن ، ئۆزى زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان چارە - تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قەتئىي ، جەسۇر ، جۈرئەتلىك ، مۇستەھكەم بولۇشى زۆرۈر . مۇبادا پەزىلەتلىك شەھەردە مۇشۇنداق كامالەتكە يەتكەن ئادەم تېپىلىپ قالسا ، ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى پەزىلەتلەردىن بەشىسى ياكى ئالتىسى ھازىرلانسىلا ھەمدە ئۇنىڭدىكى ئەقىل ۋە ئىدراك يۈكسەكلىكى تۈپەيلى ئۇ ئادەم پەزىلەتلىك شەھەرگە رەھبەرلىك قىلالايدۇ .

ئاۋۋالقى ئىمامنىڭ ئورنىغا كەلگەن كېيىنكى رەھبەردىمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان خىسلەتلەر — پەزىلەتلەر ياشلىقىدىن شەكىللەنگەن بولۇشى زۆرۈر ، شۇنداقتىمۇ كېيىنكى ئىمامدا يەنە ئالتە پەزىلەت ھازىرلىنىشى زۆرۈر .

بىرىنچى ، دانىشمەنلىك .

ئىككىنچى ، ئاۋۋالقى ئىماملار ئورناتقان قانۇنلار ۋە تەرتىپلەرنى خاتىرىسىدە ياخشى ساقلىشى ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن ئەستە ساقلاش كۈچىگە ئىگە بولۇش .

ئۈچىنچى ، ئەگەر ئاۋۋالقى ئىماملار دەۋرىدىن بىرەر ساھەگە ئائىت قانۇن قالمىغان بولسا ، بۇنداق قانۇننى ئويلاپ تېپىش ئۈچۈن ئىجادىيەت ، ئىختىرا قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇش .

تۆتىنچى ، ھازىرقى ئەھۋالنى تېزدىن بايقىۋېلىش ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ، ئاۋۋالقى ئىماملار كۆزدە تۇتقان ۋەقەلەرنى ئالدىن كۆرۈپ يېتىش ئۈچۈن بېشارەتچىلىك خىسلىتىگە ئىگە بولۇش . بۇ خىسلەت ئۇنىڭغا خەلق پاراۋانلىقىنى ياخشىلاش يولىدا كېرەك بولىدۇ .

بەشىنچى ، ئاۋۋالقى ئىماملار ئورناتقان قانۇنلارغا ، شۇنداقلا ئاۋۋالقىلاردىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆزى تۈزۈپ چىقارغان قانۇنلارغا خەلقنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن قىزغىن سۆزلەش — ناتىقلىق خىسلىتىگە ئىگە بولۇش .

ئالتىنچى، زۆرۈر ئەھۋاللاردا ھەربىي ئىشلارغا ماھىرانە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇش ھەم جەڭ قىلىش، ھەم سەركەردە سۈپىتىدە جەڭگە قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەربىي سەنئەتنى ياخشى بىلىش قاتارلىق ئىقتىدار بولۇشى لازىم.

* *

پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ بەزىلىرى ھەممە ئۈچۈن ئورتاق — ئومۇمىي بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلىرى بولسا پەقەت مۇئەييەن مەۋقەدىكى ئادەملەر بىلىشى زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئىش ئېلىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھەربىر شەخس بەخت ـ سائادەتكە ئېلىپ بارغۇچى پائالىيەت بىلەن قانچە ئۇزاق ۋە قانچە تىرىشچانلىق بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنىڭ كۆڭلى، روھى ھالىتىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھالدا مۇكەممەللىشىپ، پەزىلەتلەرگە تولۇپ بارىدۇ. گويا ماھىر خەتتات ھۆسنخەت بىلەن ئۇزلۇكسىز شۇغۇللىنىش جەريانىدا خېتى بارا ـ بارا گۈزەللىشىپ، بۇنىڭدىن بارغانسېرى ئۆزىنىڭمۇ زوقى ئېشىپ بارغاندەك، كامالەت ئارقىلىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلگۈچى كىشىنىڭ قەلبىمۇ بارا ـ بارا پاكلىنىپ ياخشىلىق قىلغىنىغا ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى ئۆسۈپ زوقى ئېشىپ بارىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى — روھى شۇ قەدەر يۈكسىلىپ، گۈزەللىشىپ، تاكامۇللىشىپ بارىدۇكى، ئاخىر ئۇنىڭ روھى ماددىي يۆلەنچۈك ياكى ۋاستىلەرگە باغلىق بولمىغان ھالدا پەيدىنپەي ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ بارىدۇ ۋە ئاخىر ماددىي ھالەتنىڭ ۋەيران بولۇشى ياكى يوقىلىشى كامالەتكە يەتكەن روھ ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ ئەكسىچە بولغان شەھەر ھەققىدە

جاھىل شەھەر ئاھالىسى بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلمەيدۇ ، بەخت ـ سائادەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ . چۈنكى ، جاھالەتتىكى ئادەملەر ھېچقاچان بەختكە ئېرىشىپ باقمىغان ، شۇنداقلا بەخت ـ سائادەتكە ئىشەنمەيدۇ . ھالاۋەتكە كەلسەك ، جاھالەتتىكى ئادەملەر بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بەخت ـ سائادەت بولۇپ كۆرۈنىدىغان ئۆتكۈنچى ، يۈزەكى نەرسىلەرنى ، مال ـ دۇنيانى ، جىسمانىي لەززەتلەرنى ، ئارزۇ ـ ھەۋەسنى ، ئابرۇي ، ئەمەل ، شان ـ شۆھرەتنى ھەقىقىي بەخت ھالاۋەت دەپ ئويلايدۇ . شۇ نېمەتلەرنىڭ ھەربىرى جاھالەتتىكى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە ھاياتنىڭ مەقسىتى ، بەخت ـ سائادەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ .

تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا ، (ماددىي ۋە روھىي ) نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشقان چاغدىلا ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش مۇمكىن .

* *

ئابرۇيپەرەسلەر . بۇنداق شەھەر ئاھالىسى ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى ماختاشنى ، كۆككە كۆتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ . باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى سۆزدىمۇ ، ئىشتىمۇ ئۇلۇغلىشىنى ئىستەيدۇ . بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىدا ياكى باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئۇلۇغۋار ، شان ـ شەۋكەتلىك بولۇپ كۆرۈنۈشنى خالايدۇ .

* *

پەزىلەتسىز شەھەرلەرنىڭ ئادەملىرى ناچار خاراكتېرى ۋە

قىلمىشلىرى تۇپەيلىدىن كۆڭۈللىرى ھەمدە روھلىرىمۇ ناچارلىشىپ بارىدۇ .

## ھۇنەر - كەسىپ ۋە بەخت چۈشەنچىلىرى توغرىسىدا

بىر تۈردىكى ھۈنەر - سەنئەت ئىگىلىرىمۇ ئىقتىدار جەھەتتىن پەرقلىنىشى مۇمكىن . مەسىلەن ، بىر خەتتات ئۆز ھۈنىرىنىڭ نۇرغۇن سىرىنى بىلىشى ، كەڭ بىلىم ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن . باشقا بىرى ئۆز ھۈنىرىنىڭ سىرلىرىنى كەمرەك بىلىشى مۇمكىن . مەزكۇر ھۈنەرنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن خەتتات تىلنى ، سۆز سەنئىتىنى ، ھۆسنخەتنى ۋە ھېساب - كىتاب ، رىيازىيات (ماتېماتىكا ) نى پۇختا بىلىشى زۆرۈر .

* *

خەتتاتلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىن بىر - بىرىدىن ئەۋزەللىكى شۇنىڭدىكى ، مەسىلەن ، ھۆسنخەت سەنئىتىنى ئىگىلىگەن ئىككى خەتتاتتىن بىرى شۇ ساھەدە كۈچلۈكرەك ، بىرى كۈچسىزرەك بولۇشى مۇمكىن . بۇ سۈپەتتىكى ئەۋزەللىكتۇر .

* *

روھى ساغلام بولمىغان ئادەملەر ھامان يامان ئىستەكلىرى ۋە ئادەتلىرى تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان تەسەۋۋۇرلارغا ، ئەخلاقسىز ئىش - ھەرىكەتلەرگە قاراپ ھۇزۇرلىنىدۇ ، شۇنداقلا گۈزەل قىلىقلارنى ، ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ ياكى ئومۇمەن گۈزەللىكنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ

ئەھمەد يۈكنەكىي

*ئوتتۇرا ئەسىر دىداكتىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ قاچان ، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ۋە قاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس . ئۇنىڭ بىردىنبىر داستانى «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى») نىڭ 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى يېزىلغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا . ئەسەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا تۈركىيىلىك ئالىم نەجىپ ئاسىم تەرىپىدىن تۈركىيىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئالىملار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان . تۆۋەندىكى پارچىلار ئەسەرنىڭ خەمىت تۆمۈر ، تۇرسۇن ئايۇپلار تەييارلىغان مىللەتلەر نەشرىياتى نۇسخىسىنىڭ يەشمىسىدىن ئېلىندى .*

## بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە

سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن ، ئەي دوست ، ئۆزۈڭنى بىلىملىك كىشىگە يېقىن تۇت . سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم ئال ، سائادەت يولىنى ئاچ . بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر ، بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر . بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ . بىلىملىك ئايال گويا ئەر ، بىلىمسىز ئەر گويا ئايالدۇر .

ئادەمدە بىلىمنىڭ بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ. ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا سۆڭەكنىڭ زىننىتى يىلىكتۇر. بىلىمسىز كىشى يىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ. يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم نەزەر سالمايدۇ.

ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ. بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ نامى ئۆلمەيدۇ، بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى ئۆلۈك بولىدۇ.

بىر بىلىملىك كىشى مىڭ بىلىمسىز كىشىگە تەڭ كېلەلەيدۇ، تەڭلەشتۇرگەندىلا بىلىمنىڭ سالمىقى ئايان بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەقلىڭ بىلەن ئويلاپ كۆرگىن، بىلىمدىن پايدىلىق يەنە قانداق نەرسە بار؟

ئالىملار بىلىم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، بىلىمسىزلىك ئەرنى يەرگە چۆكۈرىدۇ. بىلىمنى زېرىكمەي ئىزدە، شۇنى بىلگىنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزدەڭلار» دېگەن.

بىلىمنى دائىم بىلىملىكلەر ئىزدەيدۇ، بىلىمنىڭ تەمىنى بىلىملىك بىلىدۇ. بىلگىنكى، بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىم بىلدۈرىدۇ، بىلىمسىز ئەخمەق بىلىمنى نېمە قىلىدۇ؟

بىلىمسىزگە ھەق سۆزمۇ تەمسىز بىلىنىدۇ، پەند ـ نەسىھەت پايدىسىز تۇيۇلىدۇ. ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ، لېكىن نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر.

قارا، بىلىملىك كىشى ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ، ھەرئىشنى بىلىپ قىلىدۇ، شۇڭا كېيىن ئۆكۈنمەيدۇ. بىلىمسىز ھەممە ئىشتا پۇشايمان قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا قىسمەت يوق.

بىلىملىكلەر كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ، كېرەكسىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ. بىلىمسىزلەر دائىم بىلمەي تۇرۇپ سۆزلەۋېرىدۇ، ئۇنىڭ تىلى دائىم ئۆز بېشىنى يەيدۇ…

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى ئادرېسى

# تىلنى تىزگىنلەش ھەققىدە

يالغانچىدىن يىراق بول ، ئۆمرۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئۆتكۈز . راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بېزىكىدۇر ، راست سۆزلەپ تىلىڭنى بېزە .

تىلىڭنى تىزگىنلە ، تىلىڭنى تىزگىنلىسەڭ ئۆزۈڭ ئامان بولىسەن . روسۇلىللا «كىشىنىڭ يۈزىنى ئوتقا ئاتقۇچى تىلدۇر» دېگەن . تىلىڭنى يىغ ، يۈزۈڭنى ئوتتىن قۇتقۇز .

راست گەپ ھەسەلگە ، يالغان گەپ پىيازغا ئوخشايدۇ . ھەسەل يېگىن ، پىياز يەپ ئېغىزىڭنى ئاچچىق قىلما . يالغان سۆز گويا كېسەل ، راست سۆز شىپادۇر . بۇ بۇرۇندىن دېيىلىپ كېلىنىۋاتقان مىسالدۇر .

راستچىل بول ، راستچىللىق قىلغىن ، راستچىل ئاتال ، كىشىلەر سېنى راستچىل ئادەم دەپ بىلسۇن . ئەگرىلىكنى قويۇپ راستچىللىق تونىنى كىيگىن ، چۈنكى كىيىملەرنىڭ ياخشىسى راستچىللىق تونىدۇر .

# كامىل ئىنسان

## شەيخ ئەزىزىددىن ئىبنى مۇھەممەد نەسەفىي

*شەيخ ئەزىزىددىن ئىبنى مۇھەممەد نەسەفىي 13 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئاتاقلىق پەيلاسوپ ئالىم. ئۇ يۇنان پەلسەپىسى ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت بىلىملەرنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇ بىرىنچى بولۇپ شەرق پەلسەپىسىنى ئېقىملارغا بۆلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ كامالەت مەسىلىسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۆمرىدە «كەشفۇل ـ ھەقايىق» («ھەقىقەتلەرنىڭ ئېچىلىشى»)، «زۇبدەتۇل ـ ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر قايمىقى»)، «مەقسەدى ئەقسا» («ئاخىرقى مەقسەت»)، «ئىنسانى كامىل» («كامىل ئىنسان») قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.*

سوپىلار شۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان كىچىك ئالەمدۇر. ئەقىل بۇ ئالەمنىڭ ئادىمىدۇر. جىسىم — ھەۋۋادۇر، ۋەھىمە — ئىبلىستۇر، شەھۋەت — تۇزدۇر، غەزەپ — يىلاندۇر، ياخشى ئەخلاق — جەننەتتۇر، يامان ئەخلاق — دوزاختۇر، ئەقىل، روھ ۋە جىسىمنىڭ قۇۋۋەتلىرى پەرىشتىلەردۇر.»

ئۇلۇغ ئادەم باشقا، سەلتەنەتلىك ئادەم باشقىدۇر. مۇلكىي ئادەم باشقا، تۇپراق (يەر) ئادىمى باشقىدۇر. ئۇلۇغ ئادەم مەۋجۇداتنىڭ تۇنجىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن بارلىق مەۋجۇدات تۇنجى ئادەمدىن باشلانغاندۇر. سەلتەنەتلىك ئادەم سەلتەنەت ئادىمىنىڭ تۇنجىسىدۇر ۋە ئۇ تۇنجى ئەقىل ئىگىسىدۇر. چۈنكى، سەلتەنەت ئالىمىنىڭ ھەممىسى تۇنجى ئەقىل ئىگىسىدىن پەيدا بولغاندۇر. مۇلكىي ئادەم مۇلۇك ئالىمىنىڭ تۇنجىسىدۇر، شۇنداقلا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كائىناتنىڭ تۈنجى ئادىمىدۇر . شۇ سەۋەبتىن بارلىق نۇر ئۇلۇغلۇقنىڭ مەشرىق (شەرق ) تەرىپىدىن چىقىدۇ . تۇپراق ئادىمى ئىلىملەرنىڭ مەيدانىغا كېلىدىغان جايىدۇر ۋە نۇرلارنىڭ ئۇچىقىدۇر . ئۇ كامىل (تاكامۇللاشقان ) ئىنساندۇر ، چۈنكى ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى كامىل ئىنساندىن پەيدا بولغاندۇر .

ئەي دەرۋىش ! تۇپراق ئادىمى نۇرلارنىڭ مەغرىبىدۇر (غەربىدۇر ) . چۈنكى ، پۈتۈن نۇرلار ئۇلۇغلۇقنىڭ مەشرىقىدىن چىققان ۋە تۇپراق ئادىمىگە كېلىپ چۈشكەن . ئەمدى بولسا نۇر تۇپراق ئادىمىدىن زاھىر بولىدۇ .

* *

بىلگىنكى ، ئالەمى كەبىر (چوڭ ئالەم )نىڭ باشلىنىشى بىر جەۋھەردىن ئىبارەت ، خۇددى ئالەمى سەغىر (كىچىك ئالەم )نىڭ بېشى بىر جەۋھەر بولغاندەك . كىچىك ئالەم بېشىنىڭ جەۋھىرى ئىنسان ئۇرۇقىدۇر . كىچىك ئالەمدە مەۋجۇت بولغان ھەربىر نەرسە ئىنسان ئۇرۇقىدا مەۋجۇتتۇر . ئۇرۇق ئالىمىدە بولمىغان نەرسىنىڭ كىچىك ئالەمدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر . ئەي دەرۋىش ، مەۋجۇداتنىڭ ھەربىر قىسمى بۇ نۇر سۈپىتىنىڭ مەيدانىغا كېلىدىغان جايىدۇر . ئەمما ، ئىنسانىي كەبىر (ئۇلۇغ ئىنسان ) بىلەن ئىنسانىي سەغىر (كىچىك ئىنسان )نىڭ مەيدانغا كېلىدىغان جايى غايەت كۈچلۈكتۇر . ئىنسانىي كەبىر قۇدرەتنىڭ مەنبەسىدۇر ، ئىنسانىي سەغىر ئىلىمنىڭ مەنبەسىدۇر ، يەنى كائىنات ، يۇلتۇزلار ۋە ئەناسىر (تۆت زات ) قۇدرەت مەنبەسىدۇر ، كامىل ئىنسان ئىلىم مەنبەسىدۇر .

* *

ئادەمىزات ھەم مەۋجۇداتنىڭ ھەربىرى بىرەر خاسىيەتكە ئىگىدۇر . ئادەملەردىن بەزىسى شۇنداقكى ، بىراۋنى كۆرسۇن ياكى

كۆرمىگەن بولسۇن ، ئۇنىڭ نامى ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نامى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ . بۇنىڭ ھەممىسى توغرا چىقىدۇ ، يالغىنى بولمايدۇ . بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى نامگۇيلار (نامنى ئېيتقۇچىلار ) دەپ ئاتايدۇ ۋە يەنە ئادەملەردىن بەزىسى شۇنداق خىسلەتكە ئىگىكى ، نەزىرىگە بىرەر نەرسە چۈشسە ياكى يېقىپ قالسا ، ئۇ نەرسە زىيانغا ئۇچرايدۇ ياكى بەربات بولىدۇ . بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى يامان كۆزلۈكلەر ياكى نەسلىك كەلتۈرگۈچىلەر دەپ ئاتايدۇ . يەنە بەزىلەر شۇنداقكى ، تىلغا نېمە كەلسە شۇ نەرسە دەرھال تەييار بولىدۇ . بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى تىلى قارىلار دەيدۇ . يەنە شۇنداق بەزى ئادەملەر باركى ، ئەڭ قىيىن ئىلىملارنى جان ـ جەھلى بىلەن كىرىشسە بىر كۈندە ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ ۋە ھەرقانداق مۇشكۈل ھۈنەر ياكى سەنئەتنى بىر كۈندە ، ياكى ئون كۈندە ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆگەنگەن ئىلىملىرى ، ھۈنەرلىرىنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايدۇ .

* *

بىلگىنكى ، شۇنداق ئىنساننى كامىل ئىنسان دەيمىزكى ، ئۇنىڭدا تۆت نەرسە كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ ، يەنى ياخشى سۆز ، ياخشى كەسىپ ، ياخشى خۇلق ۋە مەرىپەت . ئۇنىڭ تىلى پاك ، دىلى پاك ، ئىشى ۋە نىيىتى پاك بولۇشى كېرەك . كىمكى بۇ تۆت نەرسىنى كامالىغا يەتكۈزسە ، ئۆزىمۇ كامالىغا يېتىدۇ . ئەمما ، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ يولغا كىردى ، لېكىن قايىنالارغا غەرق بولدى ، مەقسەتكە يېتەلمىدى ، مۇرادى ھاسىل بولمىدى .

ئەمدى بىلگىنكىم ، بۇ كامىل ئىنساننىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى كۆپتۇر . تۇرلۇك ئىسىملارنى قىزىققان ئاساستا ئۇنىڭغا تەتبىقلىدى . بۇنىڭ ھەممىسى توغرىدۇر .

ئەي دەرۋىش ، كامىل ئىنساننى شەيخ ۋە رەھبەر ، دانا ۋە بالىغ (بالاغەتكە يەتكەن ) ، كامىل ۋە مۇكەممەل ، ئىمام ۋە خەلىپە ،

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇتۇپ ۋە زامان ئىگىسى دەپ ئۇلۇغلىدى . جاھاننى كۆرسەتكۈچى جام ، ئالەمنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك دېدى ... بۇ كامىل ئىنسان ھەمىشە ئالەمدە باردۇر ، ئەمما بىردىن ئارتۇق ئەمەستۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەۋجۇدات گويا بىر شەخسكە ئوخشايدۇ ، كامىل ئىنسان بۇ شەخسنىڭ قەلبىدۇر . بەس ، كامىل ئىنسان ھەمىشە ئالەمدە باردۇر ۋە قەلب بىردىن ئارتۇق بولمىغانغا ئوخشاش كامىل ئىنسانمۇ بىردىن ئارتۇق بولمايدۇ . ئالەمنىڭ بۇ يېگانىسى دۇنيادىن ئۆتسە باشقىسى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرىدۇ . ئالەمنىڭ قەلبى مەڭگۈ ، دائىم سوقۇپ تۇرسۇن .

*　　　*

مۇلۇك ، سەلتەنەت ۋە ئۇلۇغلۇق ئالەملىرىدە ھېچ نەرسە كامىل ئىنسان كۆزىدىن چەتتە قالمايدۇ . ئۇ بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ۋە مەۋجۇدىيەت ھېكمىتىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق بىلتىزىغىچە بىلىدۇ . ئادەملەر كائىناتنىڭ قايمىقى ۋە خۇلاسىسى ، شۇنداقلا مەۋجۇدات دەرىخىنىڭ مېۋىسىدۇر . كامىل ئىنسان بولسا ئادەملەر مەۋجۇداتىنىڭ قايمىقى ۋە خۇلاسىسىدۇر . مەۋجۇداتمۇ شەكىل ۋە مەنە تەرىپىدىن پۈتۈنلەي كامىل ئىنساننىڭ نەزىرى ئاستىدىدۇر . چۈنكى ، مىراج (يۈكسىلىش)مۇ شەكىل ھەم مەنىگە ئاساسەن ئىنسانغا خاستۇر .

*　　　*

ئەي دەرۋىش ، كامىل ئىنسان خەلق ئارىسىدا راستچىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە يامان ئادەت ـ يوسۇنلارنى خەلق ئارىسىدىن يوقىتىش ۋە ئادەملەر ئارىسىدا ياخشى قانۇن ـ قائىدىلەرنى جارى قىلدۇرۇش ... نى ياخشى ئىبادەت دەپ بىلىدۇ . كامىل ئىنسان ياخشىلارغا جەننەت نېمىتىنى ، يامانلارغا دوزاخنى تىلەيدۇ ، ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە مۇھەببەتلىك ، مېھرىبان قىلىش ئۈچۈن

تاكى ئادەملەر بىر - بىرىگە ئازار يەتكۈزمەيدىغان ۋە بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورۇنباسارى بولغانغا قەدەر كۈرەش قىلىدۇ . ئادەملەرنىڭ تىللىرى ۋە قولىلىرى بىلەن بىر - بىرىنىڭ تىنچلىقىنى ۋە ئامانلىقىنى تەمىنلەشكە بۇيرۇيدۇ (ئۈندەيدۇ) ۋە مۇشۇنىڭغا كېلىشىم تۈزۈپ بۇ كېلىشىمنى بۇزماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ .

*　　　*

بارلىق مەۋجۇدات ئادەمگە شۇنىڭ ئۈچۈن سەجدە قىلىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كامىل ئىنسان بار . شۇنداق ئىكەن، بارلىق ئادەمىزات كامىل ئىنسان تۈپەيلى شەرەپلىكتۇر . مەۋجۇداتنىڭ ئارىسىدا كامىل ئىنساندىن باشقا ئۇلۇغ ۋە دانا نەرسە يوق . چۈنكى، كامىل ئىنسان ئەڭ تۆۋەندىن ئەڭ يۇقىرىغىچە بولغان مەرتىۋىلەردىكى مەۋجۇداتنىڭ خۇلاسىسى ۋە قايمىقىدۇر ... كامىل ئىنسان ئىلىم مەنبەسىدۇر، كامىل ئىنسان ئىلاھىي زات سۈپەتلىرىنىڭ ھەم مەنبەسىدۇر .

*　　　*

كامىل ئىنسان ئالەمنىڭ سىرى ۋە پېشۋاسىدۇر، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىلىمنىڭ مۇھىتى ۋە مەنبەسىدۇر، ئالىمىدۇر، ھەربىر نەرسىنى ئۆز جايىدا كۆرىدۇ ۋە ئۆز مەۋقەسىدە ئادىل باھالايدۇ . ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا شۇنىڭ تۈپەيلىدىن ياشايدۇ . ئاسمان ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئىككى قۇتۇپى بار . ئۇلار شۇ مەركەز ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ . بۇلارنىڭ بىرى شىمالىي، ئىككىنچىسى جەنۇبىي قۇتۇپتۇر . ئادەملەرمۇ ئىككى قۇتۇپقا ئىگىدۇر، بىرى، دانا ئىنسان، ئىككىنچىسى، كۈچلۈك ئىنسان . ئەگەر بىر كىشى ھەم دانا، ھەم كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ ئىشى ئاساندۇر . ئەلۋەتتە پەقەت كامىل ئىنسانلا شۇنداق پەزىلەتكە سازاۋەردۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ۋاپاسىز يار — زىياسىز شام

## ئەلىشىر نەۋائىي

*«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» («ياخشىلارنىڭ ھەيرانلىقى») ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۈيۈك ئەسىرى — «خەمسە»نىڭ بىرىنچى داستانى. شائىر بۇ داستاندا چوڭقۇر پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا بولغان قارىشىنى شەرھلەيدۇ. بۇ داستان شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىنسان، تەبىئەت، جەمئىيەتكە قارىتا يەكۈنلىرى ۋە ئەخلاق ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندىكى پارچىلار داستاندىن نەسرىي بايان بىلەن كەلتۈرۈلدى.*

## ساخاۋەت توغرىسىدا

ئەي، ئۇستىگە خەير ـ ساخاۋەت كىيىمىنى يېپىنغان كىشى، سېنىڭ قولۇڭدا پۇلنىڭ قىممىتى يوق. ئالتۇن ـ كۈمۈش چېچىش ئۈچۈن ئېچىلغان ئالىقىنىڭ شەرقتىن قارىسىمۇ، غەربتىن قارىسىمۇ خۇددى قۇياشقا ئوخشايدۇ. پۇل بىلەن قولۇڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بولۇپ، پۇلنىڭ ئۆمرى قىسقا، قولۇڭ بولسا ساخاۋەت سەۋەبىدىن بەرھاياتتۇر. ئالىقىنىڭ ئالتۇنلارنى چاقماقتەك چاچقاندا چاقماقمۇ ھايادىن تەرگە غەرق بولىدۇ.

بېشىڭغا كىيگىنىڭ ئېھسان ۋە ساخاۋەت تاجىدۇر، تاجغا قادالغان گۆھەر بولسا خەير ـ ئېھسان گۆھىرىدۇر. سېخىيلىقتىن يارىلىش گۆھىرى شۇنداق شەرەپ قۇچتىكى، يەتتە ئاسماندىن ئەڭ قىممەت باھالىق تاشلار ئۇنىڭغا سەدەپ بولدى. نەتىجىدە

سىنىڭ قەدرىڭ ئاسمان قەرىدەك يۈكسەكلىككە ئىگە بولدى، چاچقان ئۈنچە ـ مارجانلىرىڭ يۇلتۇزلارغا تەڭلەشتى. بۇ ساڭا تەڭرى ئاتا قىلغان نەرسە — ساخاۋەت ۋە سېخىيلىققا ياتىدۇ. تېنىڭنىڭ ھەربىر تال تۈكلىرى تىلغا ئايلىنىپ خۇداغا شۈكۈر ۋە مىننەتدارچىلىق بىلدۈرسىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئېھسان ۋە ساخاۋەت كۆرسىتىدىغان چاغدا بېخىللىق قىلما. خۇداغا شۈكۈر قىلىدىغان چاغدىمۇ زېرەك بول. بېخىللىق ئىنساندىكى سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ پەسىدۇر، ساخاۋەت جەۋھىرى بولسا ئەڭ نەپىستۇر. سېخىيلىق ساڭا ئادەت بولسا بېشىڭ شۇ سېخىيلىق نۇرى بىلەن پارلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پاكىز نۇرنى خار قىلما، ئۇنى بېخىللىق بىلەن بۇلغىما.

ئەي، تەڭرى يۈكسەك مەرتىۋە نېسىپ قىلىپ ياخشىلىق قىلىشىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك بايلىققا ئىگە قىلغان ئادەم! شۇنى بىلگىنكى، كىم سېخىيلىق قىلىشقا ھەقلىق بولسا، كىم ساخاۋەت قىلىشقا مۇناسىپ بولسا، ئۇ ئادەم نام چىقىرىش ئۈچۈن گۆھەر چېچىشنى، ماختىنىش ئۈچۈن پۇل بېرىشنى ئەقىللىق كىشىلەر قىلىدىغان ئىش دەپ قاراشتىن يىراقتۇر. ئەگەر شۇنداق بولسا بۇنداق ساخاۋەتتىن بېخىللىق ياخشىراقتۇر. بۇنداق ئىشنى يا مەست ئادەم ياكى ساراڭ ئادەم قىلىدۇ، مەست ۋە ساراڭنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن؟

شۇنداق كىشىلەر باركى، بىراۋغا ئېھسان بېرىشتە ئۇلار دەرىجىگە ئېتىبار قىلىدۇيۇ، لېكىن ئېھسان بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ ئېھسانغا قانچىلىك موھتاج ئىكەنلىكىگە قارىمايدۇ. قورسىقى توق ئادەمنىڭ ئالدىغا داستىخان سالىدۇ، ئەگنى پۈتۈن ئادەمگە تون كىيگۈزىدۇ، يۈز يىلقىسى بار ئادەمگە ئات تارتۇق قىلىدۇ، يۈز يىللىق بايلىقى بار ئادەمگە كۈمۈش بېرىدۇ، ياقۇت چىقىدىغان بەدەخشانغا ياقۇت ئەۋەتىدۇ، خىزىرنى ئۈچرىتىپ قالسا ئابىھايات تۇتىدۇ، مىسىر شېكەرچىلىرىگە ناۋات ئەۋەتىدۇ، شامنى كۈندۈزىمۇ يېقىپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇياشنىڭ نۇرىغا نۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشماقچى بولىدۇ . ھەر كۈنى كېچىسى ئورۇنسىز ئەنبەر سېپىپ بۇنىڭ بىلەن تۈننىڭ چېچىنى قارايتماقچى ۋە خۇشبۇي قىلماقچى بولىدۇ . يۈزلەپ ئاچ ، موھتاج ئادەم نان سوراپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۇ بىر بۇردا بەرمەيدۇ ، توقنى ئىزدەيدۇ . بۇنداق ئادەملەرنى سېخىي دېگىلى بولمايدۇ . ئۇلار قاغجىراپ ياتقان باغنىڭ ئۈستىدىن ياغماي ئۆتۈپ يامغۇرنى تاغقا تۆككەن بۇلۇتلارغا ئوخشايدۇ . ۋاباغا ئۇچرىغانلار ئەجەل شارابىنى ئىچىپ قىرىلىپ كېتىۋاتسىمۇ ئۇلار ياقۇت ، جەۋھەرنى يوشۇرۇش بىلەن ئاۋارە . بۇ ئىككىسىمۇ ساخاۋەتنىڭ بىر تۈرىدۇر ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە پەرق بار .

ھەددىدىن زىيادە تەمەگەر كىشىلەرنى سېخىيلىققا موھتاج دەپ ھېسابلىما . ئۇلار كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگە كۆز ئالايتىپ نىمىنى كۆرسە شۇنى تەمە قىلىدۇ .

* *

ئەي ھوشيار ئادەم ، سەن شۇنداق ئادەمنى سېخىي دەپ بىلگىنكى ، ئۇ بەخت ـ دۆلەتتىن بېشى كۆككە يېتىپ ئەھۋالى ياخشى بولسىمۇ ياكى يامان بولسىمۇ بىراۋدىن مال ، ئەمەل تەمە قىلمايدۇ . خۇدا نىمە بەرسە قانائەت قىلىدۇ ، نىمىنى بۇيرۇسا بويسۇنىدۇ . ئۇ قانداق قىلىپ بولسۇن قولىدا بار نەرسە بىلەن قولى قىسقا ئادەمنى خۇرسەن قىلىدۇ . دېڭىزنىڭ ئالدىدا تۇرسىمۇ ئۇنىڭدىن بىر تامچە سۇ سورىمايدۇ ، بىراۋنىڭ يارىسى بارلىقىنى كۆرسە مەلھىمىنى ئايىمايدۇ .

## ئەدەپ توغرىسىدا

ئەي تەلەپ ۋە ئىستەك ئۆيىدىن جاي ئىگىلىگەن ، قەددىنى خىزمەت يۈكى بىلەن مۈكچەيتكەن ئادەم ! ئەل يولىدا دەرد چېكىپ

تۇزانغا ئايلاندىڭ ، ئاشۇ تۇزان بىلەن كىبىرنىڭ كۆزىنى كور قىلدىڭ . ئەدەپسىز كىشىلەر ھېچقاچان ئېتىبار قازانمايدۇ . ئېگىز ئاسمان دائىم بۇنداق ئادەملەرنى پەسلىتىپ تۇرىدۇ . ئەدەپسىزلىكنىڭ بىرى كۆلكىدۇر ، كۆلكە ئەدەپسىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر . كەكلىك قاقاقلاپ كۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئوۋچىلاردىن قۇتۇلالماي بېشىغا بالا كېلىدۇ . غۇنچە كۆلۈپ ئېچىلغان بىلەن ئۆز - ئۆزىدىن تۇزۇپ كېتىدۇ .

*        *

گادايىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىش ياخشىلىق ئەمەس ، ئۇنىڭغا بىر دەرھەم بەرسەڭ بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ياخشىلىق قىلغانلىقتۇر . بالىغا ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بېرىشمۇ ئەدەپ ئەمەس ، ئاقىللار بۇ ئىشنى ئەدەپ ھېسابلىمايدۇ . بۇنداق بولسا ئۇ تەكەببۇر ، سەن يەڭگىلتەك بولغان بولىسەن . بۇ ئىككى ئىشنى ئادەملەر نېمە ئۈچۈن قىلىشى كېرەك ؟ گەرچە ئەدەپ شەرتلىرىنى ساقلاش ناھايىتى زۆرۈر بولسىمۇ ، ئەمما بۇنى ھەربىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەجا كەلتۈرۈش كېرەك .

*        *

بىلگىنكى ، ياش بالىغا نىسبەتەن ئەڭ زۆرۈر ئىش ئۇنى كىچىكىدىنلا پەرۋىش قىلىشتۇر . قەترىنى سەدەپ تەربىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن ، سەدەپ ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىقىپ شەرەپ تاپتى .

تەربىيىنىڭ بىرى ، بالىغا ياخشى ئات قويۇش بولۇپ ، ئۇنى ئېتى بىلەن چاقىرغاندا ئۇ ئۇيۇلىدىغان بولماسلىقى كېرەك ...

تەربىيىنىڭ يەنە بىرى ، ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلىملىرى ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇئەللىم تەكلىپ قىلىشتۇر . ئىت يېتۇك تەلىم ئالغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋەبلىك ئۇ چۈشلەپ كەلگەن ئوۋ ھالاك ھېسابلىنىدۇ. يىرىلەن پاكىزلانمايدىغان ئىت ئالىم بولغان يەردە، ئوغلۇق بىلىمسىز قالسا بەك ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش بولىدۇ. باللارغا شەپقەت قىلىش پايدىلىقتۇر، ئەمما ئارتۇقچە بولسا زىيانلىقتۇر. سادىر بولىدىغان باللاردىن ئۇنى مېھرىك بىلەن ئاسراش بالا ئالدىدا سەندىكى كەمتەرلىكنى بىلدۈرىدۇ.

تەربىيىنىڭ يەنە بىرى، ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەت قىلىشتۇر. بۇنى بەجا كەلتۈرۈش بالا ئۈچۈن ئەڭ ئالدىنقى مەجبۇرىيەتتۇر. ئاتا ـ بالىغا خىزمەتنى بىردەك قىل، خىزمىتىڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ كەم دەپ بىل. ئاتاڭ ئۈچۈن بېشىڭنى پىدا قىلىپ، ئاناڭ ئۈچۈن پۈتۈن جىسمىڭنى سەدىقە قىلساڭ ئەرزىيدۇ. ئىككى دۇنيانىڭ ئاۋات بولۇشىنى ئىستىسەڭ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ رازىلىقىنى ئال. تۇن ۋە كۈنۈڭگە نۇر بېرىپ تۇرغان بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرىنى ئاي، بىرىنى قۇياش دەپ بىل. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن، ئۇلار سىزغان سىزىقتىن تاشقىرى چىقما. كىمكى چوڭ بولسا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش كېرەك، كىم كىچىك بولسا ئۇنىڭغا شەپقەت كۆرسىتىش كېرەك...

## ۋاپا توغرىسىدا

ئاسماننىڭ توققۇز قۇتىسى بولۇپ، ھەممىسى زەر بىلەن ئىشلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۈز مىڭلاپ قىممەت باھالىق دۇرلار بار. ئۇنىڭدىكى ھەربىر دۇرنىڭ يورۇقلۇقى پاراغەت شامىدۇركى، دۇرمۇ ئەمەس، شاممۇ ئەمەس، كېچىنى يورۇتقۇچى دۇردۇر. ئۇنىڭ ھەربىرىنىڭ قىممىتى پۈتۈن بىر كاننىڭ باھاسىدىن، كانلىقلا ئەمەس، پۈتۈن بارلىق ۋە ماكاننىڭ باھاسىدىن ئارتۇق. ئاسمان دەپ نام قويۇلغان بۇ نەرسە پاك گۆھەردەك يۈز مىڭلاپ يۇلتۇزلارغا ئىگە. ئۇلارنىڭ بىرىنى بىرىدىن پەسرەك دەپ ئاتاشقا ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇنداق خىيال قىلىش مۇمكىن بولغان

جەۋھەرلەرنىڭ ىيغىندىسى — ئەقىل جەۋھىرى شۇنداق سوئال بېرىدۇ :

— ھە ، بۇ كاندىن بىر دۇر بەرسەڭ يۇزى تېپىلىدۇ ، يۇزى دىبسەڭ مىڭى تېپىلىدۇ . لېكىن ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداقلىرى باركى ، ئۇ پۈتۈن جاھاننى يورۇتۇپ تۇرىدۇ . ئەگەر ئاشۇ دۇر ئۆز جامالىنى كۆرسىتىدىغان بولسا ئۇنىڭغا يەنە بىرىنى تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس . ساپ دىل ئادەملەر ئۇ جەۋھەرنىڭ ئىتىنى سورىسا «ۋاپا جەۋھىرى» دەپ جاۋاب بەر .

*  *

ۋاپادار ئادەم كىمنى كۆرسە ئۆزىنى ئۇنىڭغا دوست دەپ بىلىدۇ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مېھرىنى ، گۆھەردىن قىممەت ۋاپادارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ . قارشى تەرەپ ياخشى ئادەممۇ ، يامان ئادەممۇ ، بەختى كۈلگەنمۇ ، يوقمۇ بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ، ئۇنىڭغا مەقسەتسىز شەپقەت كۆرسىتىدۇ . بۇنداق ئادەملەر خۇددى كۆزلەرگە نۇر بەرگۈچى قۇياشقا ئوخشايدۇ . ئۇ كۆزلەرنى يورۇتىدۇ - يۇ ، لېكىن بۇنى ئۆزى بىلمەيدۇ .

*  *

ۋاپانىڭ قائىدە - يوسۇنىنى بەجا كەلتۈرمىگەن يار نۇرى يوق شامغا ئوخشايدۇ . شامدا يېنىش ئىستىكى بولمىسا مۇز پارچىلىرىدەك يانماي تۇرىۋېرىدۇ . ھەقىقىي يار بولسا ، ئۇنىڭدا ۋاپا بولىدۇ . ئۇمىدىنمۇ ۋاپادار يار دەپ بىل . كىمكى ئالەمدە يارسىز بولسا ، ئۇ دۇرى يوق سەدەپتۇر . يالغۇز ئادەمنىڭ ھۇنىرىمۇ يوق . يالغۇز ئادەم سانالمايدۇ . يالغۇز ئادەم ھېچقانداق ئارزۇسىغا ئېرىشەلمەيدۇ . بىر قولدىن ئاۋاز چىققاننى كىم ئاڭلىغان؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## راستلىق توغرىسىدا

ھەركىم ئۆزى راستچىللىقنى، توغرىلىقنى ئادەت قىلسا پەلەكنىڭ تەتۈر ئايلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ نىمە ئىشى؟ ئوقنىڭ ئۇچۇشى توغرا بولسا، يانىڭ ئەگرىلىكىنىڭ ئۇنىڭغا دەخلى يوق. يول قانچە توغرا بولسا، مەقسەت شۇنچە يېقىن بولىدۇ. يول ئەگرى بولسا، مەقسەتنىڭ يىراقلىقىغا ئەجەبلىنىش ئورۇنسىز. نەي توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن سۇپىلار ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. توغرا بولمىغان نەرسىلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن قۇلىقى بۇرۇلىدۇ. نەيزە توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن دائىم بېشى يۇقىرى بولىدۇ، ئارقان چىرماش بولغانلىقى ئۈچۈن باغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

*　　　　*

كىمنىڭ قارىشى توغرا بولسا، شۇ ھەق بولىدۇ. كىمنىڭ قولى ئەگرى بولسا، ئۆزى ئوغرى بولىدۇ. كىمكى توغرىلىق يولىنى بىلمەكچى بولسا، بۇ ئىككى خىل بولىدۇ، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ سۆزى توغرا بولسا، سۆزى بىلەن بىللە ئۆزىمۇ توغرا بولۇشى كېرەك.

## ئىلىم توغرىسىدا

كىم ئىلىمنى ئەمەلگە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستە قىلسا ئۆزىنىمۇ، خەلقنىمۇ يولدىن ئاداشتۇرىدۇ. ئەگەر ئالىم ئەمەل ئۈچۈن پەسكەشلىك قىلسا، ئىلمى ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. كىم بىلىمى بولۇپ تۇرۇپ مەنسەپكە بېرىلسە، ساپ تەرنى دېڭىز سۈيى بىلەن تەڭ كۆرگەن بولىدۇ. ئىتنىڭ مەقسىتى تاپ بولغاندىكىن، ئۇنىڭغا بېزەكلىك ياپقۇچنىڭ نىمە كېرىكى؟

باشلىق بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنگەن پەسكەش ئادەم نىجاسەتنى يېپەك لىباس بىلەن ياپقان بولىدۇ .

ئالىم ئەگەر ئۆز يولىدا قەتئىي چىڭ تۇرسا ، ئىلىمگە قاراپ ئىش تۇتسا ، دۇنيانىڭ هارام ماللىرىغا كۆز قىرىنى سالمىسا ، ئۆتكۈنچى دۇنياغا تىكىلىپ قارىمىسا ، بۇنداق ئادەمنى شەرەپ گۆھىرىنىڭ كانى دەپ بىل ، گۆھەر دېسەڭمۇ ، كان دېسەڭمۇ ، نېمە دېسەڭ شۇنىڭغا تېگىشلىكتۇر .

## پايدا يەتكۈزگۈچى ئادەملەر توغرىسىدا

ئەي ، ئىنسانلار ئارىسىدا تاڭ كەبى كۈمۈش چېچىشقا ئۆگەنگەن ئادەم ، سېنىڭ مېھرىڭ قۇياشنىڭ مېھرىدەك ئومۇمىيدۇر . خەلقنىڭ يۈزىگە تاڭ كەبى كۈلۈپ باقىسەن ، ئەلنىڭ بېشىدا پەلەك كەبى ئايلىنىسەن . ئەگەر يامغۇر ئورنىغا تاش ياغسىمۇ تاغدەك بېشىڭنى يوشۇرماي تۇرىسەن .

*　　　*

دېھقان كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆچەتنىڭ ئىشى ئۈنىڭغا گۈل ۋە مېۋە بېرىشتۇر . كىمكى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى ئادەت قىلسا بۇ هالدا ئەلگە ئەمەس ، ئاۋۋال ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ . كىمكى شېشىنى دەسسەپ سۇندۇرسا ، بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ پۇتى يارا بولىدۇ . ئوت ئۈچقۇنى قۇرۇق گىياهلارغا ، هەتتا ئورمانلارغا تۇتىشىپ يالقۇنغا ئايلىنىدۇ ، هەممىنى كۆيدۈرۈپ بولۇپ ئۆزىمۇ ئۆچىدۇ .

*　　　*

ئۆزىنىڭ يامان خۇلقىنى ياخشى كۆرگەن پەسكەش

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

مۇقەررەركى ئەل ئارىسىدىكى ياخشىلارنى ياقتۇرمىغان ئادەملەرنىڭ قىلمىشىدىن ئەيىب ئاختۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قۇياش يورۇقلۇق بېرىپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، شەپەرەڭ بۇنى خالىمىسا كىم ئەيىبلىك؟ سۇ تەشنا ئەلنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن ئوتقا تەگكەن ھامان ئۇنى ئۆچۈرىدۇ. جىننىڭ جايى باياۋاندۇر، گۈلشەن بولسا ئۇنىڭ كۆزىگە زىندان كۆرۈنىدۇ. قۇياشنىڭ جەۋھىرى پاك يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇلۇت ئۇنىڭ نۇرىنى توسۇشقا ئىنتىلسە نېمە دېگۈلۈك؟

ئەگەر قول بىلەن بېرىپ ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئىلاجى بولمىسا، تىل بىلەنمۇ نەپ يەتكۈزۈش مۇمكىن. ئادەمنى بىر ئېغىز ياخشى سۆز بىلەن خۇرسەن قىلىش كېرەك بولغان چاغدا ئۇنىڭغا خەزىنە بەرسەڭمۇ قارىمايدۇ. سۆز بىلەن ئەل ئۆلۈمدىن نىجات تاپىدۇ، سۆز بىلەن ئۆلۈك تەن تىرىلىدۇ.

# ياخشى خۇي — دۇنيانىڭ سائادىتى

## هۇسەين ۋائىز كاشىفى

*مەۋلانە هۇسەين ۋائىز كاشىفى مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە هىراتتا ياشىغان مەشهۇر ئەدىب ۋە ناتىق بولۇپ، ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن بىر دەۋردە، بىر يەردە ياشىغان. ئۇنىڭ مەشهۇر ئەسىرى «ئەخلاقۇل ـ مۇهسىنىن» («گۈزەل ئەخلاقلار») قىرىق بابتىن تەركىب تاپقان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتنى گۈزەللىككە، ئىناقلىققا، سائادەت ۋە كامالەتكە يېتەكلەيدىغان ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەر تەشەببۇس قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەسەر بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ قىممەتلىك ئەهمىيەتكە ئىگە.*

*　　　*

دانىشمەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە:

مىسىر پادىشاھى رۇم خەلىپىسى بىلەن بولغان ئاداۋەتنى يۇيۇپ، ئاشنالىق تەرتىپىنى تۈزدى ھەمدە قىزىنى ئۇنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بەردى. رۇم خەلىپىسىمۇ ئاجىزەسىنى مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بەردى. دوستلۇق ھەققىدە ئىككىسى بىتىم تۈزدى. شۇ سەۋەبلىك ئىككى مەملىكەت دوستلىشىپ، گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇ ئىككى پادىشاھ چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق ئىشلاردا بىر ـ بىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشاتتى. مىسىر پادىشاھى رۇم پادىشاھىغا:

«پەرزەنتلىرىمىز بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزنىڭ ئاساسى ۋە ئۆمرىمىزنىڭ تايانچىدۇر. بىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن نامۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىشانىمىز ئۆچىدۇ ، ھاياتلىقىمىزدىن ھېچنېمە قالمايدۇ . سىز ئۇلارنىڭ بىزدىن كېيىن پاراغەتتە خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىنىڭ غېمىنى يېمەك ، ئۇلارنىڭ ئۆملۈكى ، كېرەكلىك نەرسىلەر ۋە مەئىشەتلىرىنىڭ پىكرىنى قىلماق كېرەك . مەن ئاجىزەم ئۈچۈن نۇرغۇن نەپىس ماتالار ، ياخشى ئات ـ تۆگىلەر ، قۇل ـ چۆرىلەر ، باغ ـ ئىمارەتلەرنى ۋە مال ـ دۇنيالىرىمنى قالدۇردۇم . سىز جاھاننى بېزىگۈچى ئوغلىڭىزنىڭ مەئىشىتى ئۈچۈن قانداق نەرسىلەرنى تەييار قىلدىڭىز ؟» دەپ نامە پۈتۈپ ئەۋەتتى . رۇم پادىشاھى بۇ نامىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ تەبەسسۇم قىلىپ ، دەرھال نامە پۈتۈپ مۇنداق دېدى :

«مال بىۋاپا ، خىزمەتكار ئۆتكۈنچى نەرسىدۇر ، ئۇنىڭ ھېسابىنى قىلماق كېرەك ، بۇ پانىي دۇنيانىڭ ماتالىرىغا ئالدانغۇلۇق ئەمەس . مەن ئوغلۇمنى ئەدەپ بېزەكلىرى بىلەن بېزىدىم . ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى سۈپەت ۋە ئەدەپلەرنى قالدۇردۇم . چۈنكى ، مال ـ دۇنياغا زاۋاللىق يېتەر ، ئەدەپ زاۋالسىزدۇر .» بۇ نامە مىسىر پادىشاھىغا يەتتى .

* *

ھېكايە قىلىنىشىچە :

بىر پادىشاھ تاھىرنىڭ ئەۋلادىدىن :

— پادىشاھلىقىڭىزلارنىڭ زاۋال تېپىشىغا ۋە دۆلىتىڭىزلەرنىڭ يوقىلىشىغا نېمە سەۋەب بولغان ؟ — دەپ سورىدى . ئۇلار :

— شەرىئەت ئىشىنى ئاسان بىلىپ ، مەملىكەت ئىشىغا بىپەرۋالىق قىلىپ ، پۇقرالارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولماي ، نەپسىمىزنى غەپلەت يولىغا تاشلاپ ، دۆلەت ئىشىغا سۇسلۇق قىلغىنىمىزدىن شەۋكەت ۋە سەلتەنىتىمىز قولدىن كەتتى . ئېھتىياجىمىزنىڭ كېمىسى ۋەيرانلىق گىردابىغا چۈشتى .

ئۈمىدىمىزنىڭ شادلىقى مۇراد ساھىلىغا يەتمەي ، ئۈمىدسىزلىك مەۋجىگە قوشۇلدى ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى .

*　　　*

نەقىل قىلىنىشىچە ، پادىشاھ بەھرام شىكارغا چىققانىدى ، ھاۋا ئىسسىپ كەتتى . ئىستىراھەت قىلماق ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى ھەر تەرەپكە بۇيرۇپ ، ئۆزى خاسلىرى بىلەن بىر كىشىنىڭ بېغىغا چۈشتى . باغۇەننى چاقىرتىپ :

— ئانار بولسا بىر قەدەھ شەربەت قىلىپ بەرگىن ، — دېدى . باغۇەن دەرھال بىر قەدەھ لىق ئانار شەربىتى كەلتۈرۈپ بەردى . پادىشاھ شەربەتنى ئىچىپ :

— ئەي باغۇەن ، بېغىڭدىن يىلدا قانچىلىك مەھسۇلات چىقىدۇ ؟ — دەپ سورىدى . باغۇەن پادىشاھ بەھرامنى تونۇمايتتى . شۇڭا :

— ئۈچ يۈز دىنار بولىدۇ ، — دېدى .

— پادىشاھ بەھرامنىڭ خەزىنىسىگە نىمە بېرىسەن ؟ — دېدى بەھرام .

— پادىشاھىمىز ، — دېدى باغۇەن ، — دەرەخ ھوسۇلىدىن ھېچ نەرسە ئالمايدۇ . زىرائەتتىن ئوندىن بىرىنى ئالىدۇ .

پادىشاھ كۆڭلىدە «مېنىڭ بۇ مەملىكىتىمدە مۇنداق باغ كۆپتۇر . ئەگەر باغدىنمۇ ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى ئالسام ، خەزىنەمگە نۇرغۇن مەنپەئەت بولغۇسىدۇر . پۇقرالارغا يېتىدىغان زەرەرىمۇ چاغلىقتۇر » دېگەنلەرنى خىيالەن نىيەت قىلدى ۋە باغۇەننى قىچقىرىپ :

— يەنە شەربەت قىلىپ بەرگىن ، — دېدى . باغۇەن بېرىپ خېلى ھايال قىلىپ شەربەتنى كەلتۈردى . پادىشاھ :

— ئالدىنقى قېتىم تېزلا كەلگەنىدىڭ . بۇ نۆۋەت نىمە ئۈچۈن ھايال قالدىڭ ؟ — دەپ سورىدى . باغۇەن پادىشاھنى تونۇماي :

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— مۇشۇ بىر سائەت ئىچىدە مەملىكەت پادىشاھىنىڭ نى
بۇزۇلغاندەك قىلىدۇ . ئالدىنقى نۆۋەت بىر ئاناردىلا پىيالە لىق
تولغاندى . بۇ نۆۋەت ئىككى چوڭ ئانارنى سىقتىم . پىيالە پەقەت
تولمىدى . مېۋىدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلدى ، — دېدى .

بەھرامغا بۇ سۆزلەر ئاجايىپ تەسىر قىلدى . قىلغان نىيىتىگە
پۇشايمان قىلىپ ، كۆڭلىدىن چىقاردى . ئاڭغىچە ھاۋا مۆتىدىل
ھالەتكە كەلدى . باغۋەن يەنە شەربەت قىلغاندى ، بىر ئاناردا پىيالە
لىق بولدى . باغۋەن خۇشاللىق بىلەن كېلىپ :

— ئەي ئاتلىق يىگىت ، ئاجايىپ سىردۇركى ، بىر سائەت
ئىچىدە بۇ مەملىكەت پادىشاھىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ، يەنە ھايال
قىلماي ئەدل نىيىتىنى تۈزىدى . ئاۋۋال ئىككى ئاناردا پىيالە
تولمىغاندى ، ئەمدىلىكتە بىر ئاناردا بىر پىيالە لىق بولدى . مەلۇم
بولدىكى ، پادىشاھىمىز ئەدل يولىغا كىرگەن ئوخشايدۇ ، — دېدى .
پادىشاھ شۇ زامان ئۆزىنى ئاشكارا ، قىلغان نىيىتىنى بايان قىلىپ ،
ئەندىشىسىنى كۆڭلىدىن مۇتلەق چىقاردى ۋە دېدىكى :

— بۇ كەلىمىلەر سائادەتمەن پادىشاھلاردىن يادىكار قالسۇن .
ئۆزگە پادىشاھلار بۇ نەسىھەتنى ئىشىتىپ ، پۇقرالارغا قارىتا
نىيەتلىرىنى تۈزىگەي !

دانىشمەنلەر : «ئادىللىق بارچە سۈپەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى ،
زۇلۇم — ھەممە نىيەتلەرنىڭ شۇمراقىدۇر ؛ ئەدلنىڭ نەتىجىسى —
دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكى ، خەزىنىلىرىنىڭ مەمۇرىيلىقى ۋە
مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقىدۇر ؛ زۇلۇم — مەملىكەت ۋە دۆلەتنىڭ
زاۋاللىقىدۇر ؛ شۇڭا شاھلار زۇلۇم تارتقان ، ئازاب چەككەنلەرگە
ئادىل ، ساخاۋەت نەزىرى بىلەن قاراپ ، شەرىئەت ئىلمىنى ئاشكارا
قىلمىقى لازىمدۇر» دېگەن .

ھېكمەت ئەھلى بۇ بابتا يەنە مۇنداق نەقىل قىلىدۇ :

سۇلتان مەھمۇد دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئەمىرلىرىگە :

— ئىنسانلار ئارىسىدىن بىر ئەخمەق كىشى تېپىڭلار ، — دەپ
بۇيرۇدى . بارلىق زىرەك ۋە خوش تەبىئەت خەلق بۇ ئىشنىڭ پېيىگە

چۇشۇپ ، سەھرالارغىچە چىقىپ ئىزدىدى . ئەخمەق سۈپەتلىك كىشىنى تاپالماي ، ھەممە شۇ ئىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ يۈرۈپ ، دەرەخكە چىقىۋېلىپ ، شېخىدا تۇرۇپ تۇۋىنى كېسىۋاتقان بىرىنى ئۇچراتتى . ئۇ ئېگىز شاخ كېسىلىپ يىقىلسا ، مىڭ جېنى بولسىمۇ بىر جېنى قالمايتتى . كىشىلەر «ھېچ ئەخمەق بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس» دەپ ئۇنى تۇتۇپ سۇلتاننىڭ قېشىغا كەلتۈردى ۋە ۋەقەنى بايان قىلدى . ئەمما ، سۇلتان :

— بۇنىڭدىن ھەم ئۆتەر ئەخمەق كىشى باردۇر . ئۇ بولسىمۇ زالىم ھاكىملار بولۇپ ، ئۇلار جەبىر - سىتەملىرى بىلەن پۇقرالارغا ئازار بېرىدۇ . ئۆز خاھىشى بويىچە دۆلەتنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى — يىلتىزىنى كېسىپ ، ئۆزىنى ھەم تاشلاندۇق ھالەتكە ۋە پەرىشان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ . ھەممىدىن ئەخمەق شۇدۇر ، — دېدى .

*　　*

ھېكايە قىلىنىشچە ، ئىراق پادىشاھىنىڭ قاياشلىرىدىن بىرىنى بىر كىشى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەنىدى . مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى . پادىشاھ :

— ئەجەب جۈرئەتلىك كىشى ئىكەنسەن . مېنىڭ بارىمدا مۇنداق چوڭ گۇناھ قىلىپ تۇرۇقلۇق ، جازالىشىمدىن قورقماي كەپسەن؟! — دېگەنىدى ، ئۇ كىشى :

— دەرگاھىڭغا كەلمىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى ، مېنىڭ گۇناھىم شۇنچە كۆپ ، ئەمما سېنىڭ ئەپۇ - مەرھەمىتىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ، — دېدى . پادىشاھ بۇ سۆزنى نەزىرىگە ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدى . تېخى ئىنئام - ئېھسانلار بېرىپ خاس خادىم قىلىۋالدى . ۋەزىر :

— مۇنداق دۈشمەننى قولغا چۈشۈرگەندە ئىنتىقام ئالماي ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپسىز دېگەنىدى ، پادىشاھ :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەگەر ئىنتىقام ئالسام نەپسىم خۇرسەن بولىدۇ؛ قىلسام ئۇنىڭ كۆڭلى خۇرسەن بولىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى نام كۆتۈرگەيمەن، — دېدى.

* *

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن سورىدى:

— ئەپۇ قايسى چاغدا ياخشىدۇر؟

— دۈشمىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، — دېدى ئەرەستۇ جاۋابەن، — قولغا چۈشۈرگەندە جازالاشتىن قول يىغساڭ، مانا بۇ زەپەر تاپمىقىڭنىڭ شۈكرىسىدۇر.

جاھاندا پادىشاھلار گۇناھكارلاردىن سادىر بولغان يامان ئىشلارغا قارىتا، شۇنىڭ باراۋىرىدە جازا يۈرگۈزۈش خىيالىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتسە ھەمدە ئەيىبلىگۈچىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگىنىگە شۈكۈر قىلسا، ئەپۇ بېشارىتى بىلەن ياخشىلىق قىلسا، مانا بۇ جاھان تۇتقۇچى پادىشاھلارنىڭ ئادەت - رەسمى بولىدۇ.

* *

ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ھېكايىلەردىن نەقىل قىلىنىشىچە، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خەزىنىسىدە بىر تال ياقۇتى بار ئىدى. ئۇ شۇنداق نۇرلۇق ۋە ساپ ئىدىكى، رۇم ئىقلىمىنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىگە توغرا كېلەتتى. ئۇ: «مۇنداق بىباھا جەۋھەرنى خەزىنەمدە مەخپىي تۇتماق لايىق ئەمەس. بۇنى بىر مۆھۈر قىلدۇرايكى، تا ئۇنى يىراق - يېقىندىن كەلگەن ھەربىر كىشى كۆرۈپ مۇبالىغە قىلغاي!» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، زەرگەر چاقىرتىپ مۆھۈر ياساشقا بەردى.

قازارا، بىر كۈنى خاتىرىگە كېلىپ زەرگەرنى چاقىرتتى.

قارىسا، زەرگەرنىڭ چىھرىسى زەپـــراندەك سارغايغان بولۇپ، ئۆششۈك تەگكەن ياپراقتەك تىترەۋاتاتتى. پادىشاھ:

— تۇرقۇڭدىن قورقۇشنىڭ ئەسىرى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. نىمە سەۋەبتىن مۇنداق قورقىسەن؟ — دەپ سورىدى. زەرگەر:

— قىلغان گۇناھىمدىن قورقىمەن، — دېدى.

— قورقمىغىن، دېدى پادىشاھ، — سۆزۈڭنى ئىزھار قىل!

زەرگەر ياقۇتنى چىقاردى. ياقۇت تۆت پارچە بولغانىدى. پادىشاھ تەبەسسۇم قىلىپ:

— ماڭا بىر ئەسۋابتىن تۆت ئەسۋاب ياخشىدۇر. ئەمدى بۇنى تۆت ئەڭگۈشتەر قىلىپ، ئۇنىڭغا كۆز قويغىن، — دېدى.

زەرگەرنىڭ قورقۇنچى بېسىلىپ، كۆڭلى ئارام تاپتــــى. پادىشاھنىڭ رەھىمدىللىقى مەلۇم بولدى.

* *

نۇشىرۋان ۋەزىرىدىن:

— ياۋاشلىق قانداق نەرسىدۇر؟ — دەپ سورىدى.

ۋەزىر دېدىكى:

— ياۋاشلىق ياخشى خۇي بولۇپ، ئەخلاقنىــــڭ تۇزىدۇر. چۈنكى، ھەرقانــداق تائام تۇزســـىز لەززەتلــىك ئەمەس. ياخشى خۇي - ئەخلاق ياۋاشلـــىق قوشۇلمـــــغۇچە شۆھرەت تاپماس. ياۋاشلىقنىڭ ئۈچ نىشانىسى باردۇر: بىرى، ئوچۇق چىراي بىر كىشىگە بىراۋ قوپاللىق بىلەن سۆزلىسە، ئۇنىڭ باراۋىرىدە شېرىن سۆزلىمەك، يامانلىق ئىشلىرى بىلەن كۆڭلىنى ئاغرىتسا، ئۇنىڭ باراۋىرىدە ياخشىلىق كۆرسەتمەك؛ ئىككىنچى نىشانىسى، غەزەپ ئوتى شولا ئۇرغاندا، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ جـــم تۇرماقتۇر. چۈنكى، سۆھبەت يولىغا كىرگەن دەرۋىشلەر غەزەپكە مۇشۇ تەرىقە بىلەن ئىلاج قىلىدۇ. ئۈچىنچى نىشانىسى، بىرىدىن قەبىھ، يامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىش سادىر بولغاندا، ئۇنىڭغا ئەدەپ ـ جازا بېرىش ۋاجىب (زۆرۈر) بولسىمۇ، ئەمما قۇدرىتى بار تۇرۇقلۇق ئاچچىقىنى بېسىپ ئەپۇ قىلماق.

*　　　*

شىربانۇ سەلتەنەت تەختىدە ھۆكۈمرانلىق زىننىتى بىلەن ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئاجايىپ قىممەت باھا سەرۇپاي كىيىۋالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ئوغلىغا:

— پادىشاھلار تونى شۇنداق بولغايكى، ئۇ ھېچ كىشىنىڭ خەزىنىسىدە بولمىغان ۋە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بولسۇن، سەن كىيىۋال بۇ ئېگىن ھەممە كىشىدە باردۇر، — دېدى. ئوغلى:

— ئۇنداق ئېگىن نەدە باردۇ؟ — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇنداق ئېگىننىڭ ئۆرۈشى — خۇشخۇيلۇق، ئارقىقى مۇلايىملىقتىن ئىشلەنگەندۇر. بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرمىسەڭ شۇنى بىلگىنكى، ئالەمدىكى بارلىق ياخشى سۈپەت ۋە خۇشخۇيلۇق يوسۇنلىرى بىلەن ئۆزىگە تەرتىپ بەرگەن كىشى ھەممىدىن چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

*　　　*

جەمشىد ۋەزىرىدىن:

— قايسى سۈپەت بىلەن ئىنساپ قىلماق ۋاجىپتۇر؟ — دەپ سورىدى.

— يۇمشاق ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋەزىر:

— چۈنكى، بۇ سۈپەتنىڭ سەۋەبىدىن پۇقرالار پادىشاھنىڭ دۆلىتىگە دۇئا قىلىدۇ. لەشكەرلەرمۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن تەرتىپ تاپىدۇ. مەسىلەن:

بىر پادىشاھ خۇشخۇيلۇق ۋە يۇمشاقلىقى بىلەن ئەتراپقا مەشھۇر ئىدى . بىر كۈنى ئاشپەزنى چاقىرتىپ :

— پالانى تۇردىكى غىزانى تەييار قىلىپ كەلگىن ! — دېدى . ئاشپەز ئۇ ئاشقا نۇرغۇن ئالاھىدە ماتېرىياللارنى سەرپ قىلىپ تەييارلىدى ھەمدە ئۆزگە غىزالاردىنمۇ قوشۇپ پادىشاھنىڭ نەزىرىگە كەلتۈردى . پادىشاھ قارىسا بىر چىۋىن تۇرۇپتۇ . پادىشاھ چىۋىننى تاشلىۋېتىپ غىزادىن بىر لوقما ئېلىپ يېدى . يەنە بىر چىۋىن چىققاندى . ئۇنى ھەم ئېلىپ تاشلاپ ، يەنە بىر لوقما يېدى ، يەنە بىر چىۋىن چىققاندى ، بۇ غىزادىن قولىنى يىغىپ باشقا تائاملاردىن ئىستېمال قىلدى . دۇئا ـ تەكبىردىن پارىغ بولۇپ ، ئاشپەزنى چاقىرتىپ :

— قىلغان بۇ تائاملار ناھايىتى لەززەتلىك ۋە لاتاپەتلىك بوپتۇ . ئەتە ھەم غىزالىنىدىغان تامىقىم ئۈچۈن شۇ تائامدىن بەرگىن ، ئەمما چىۋىنى كۆپ بولمىسۇن ، — دېدى . بۇ سۆزگە ئەتراپتا ئولتۇرغانلار كۈلۈشتى ۋە ھەيران بولۇپ :

«پادىشاھ ئۇنىڭغا خىجالەتتە قالدۇرماي تۇرۇپ يۇمشاقلىق بىلەن ئەدەپ بەردى» دېيىشتى . بەس ، مانا بۇ خۇشخۇيلۇق سۈپىتىدۇر .

*　　　*

ھېكايە قىلىنىشىچە : سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئاتىسى ئىلگىرى كۈنلىرىنى قىيىنچىلىق ، تەڭقىسلىقتا ئۆتكۈزەتتى . بىر ئېتىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى . شىكارغا بېرىپ بىرەر ئوۋنى قولغا چۈشۈرسە ، كۈنلۈك ئوقەت ئوزۇقى شۇ بولاتتى . بىر كۈنى بىر سەھراغا چىققاندى . بالىسى بىلەن ئوتلاپ يۈرگەن بىر كېيىكنى كۆردى . قوغلاپ بالىسىنى تۇتۇپ ، قول ـ پۇتىنى باغلاپ شەھەرگە راۋان بولدى . ئانا كېيىك بالىسىنىڭ دەردىدە بىتاقەت بولۇپ مەرەپ ـ پەرياد قىلىپ ، تا شەھەرگىچە ئەگىشىپ كەلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ بىچارە بالىسىنىڭ پىراقىدا ئۆزىنى ئۇنتۇغان بويىچە شەھەرگىمۇ كىرىدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ كىشى كېيىككە رەھىم قىلىپ بالىسىنى قويۇپ بەردى ۋە ئۆيىگە كېلىپ ئاچ قورساق ئۇخلىدى .

* *

سۇلتان سەئىدخان زامانىدا بەگلەر پۇقرالارغا كۆپ زۇلۇم قىلىپ ، پادىشاھنىڭ يارلىقىسىز پۇقرالاردىن خالىغانچە نەرسىلەرنى ئالاتتى . بىر كۈنى سۇلتان بەگلەرگە :

— مەن تا بۇ چاغقىچە پۇقرالارغا ھامىي بولۇپ كەلگەنىدىم ، ئەمدى بۇ ئىشىمنى تەرك قىلدىم . مەسلىھەت كۆرسەتسىڭىزلەر ، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بىر يولى تالان قىلىپ ، ئۇلارغا ھېچ نەرسە قويمايلى ، — دېگەنىدى ، ھەممىسى ماقۇل كۆردى . سۇلتان يەنە :

— بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن ياكى پۇقرالاردىن ھېچقانداق مەنسەپ ـ مائاش تەمە قىلمىغىزلار ، — دېگەنىدى ، بەگلەر :

— تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرى ، مائاشىمىز توگىسە قانداق قىلىمىز ؟ يىراق ـ يېقىندىكى خىزمەتلىرىنى قانداق بەجا كەلتۈرىمىز ؟ — دېدى . سۇلتان :

— مېنىڭ ۋە سىزلەرنىڭ تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرىمىز پۇقرالارنىڭ زىرائەت ۋە كەسىپ ـ تىجارەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ھاسىل بولاتتى . (ناۋادا تالان قىلىپ تىرىكچىلىك يولىنى قالدۇرمىساق ) ئۇلار سىزلەرگە بېرىدىغان باج ـ سېلىقنى بېرەلمىسە ، يىغىۋالغان نەرسىلەرنى يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن قانداق قىلىسىزلەر ؟ — دېگەنىدى ، ئەمىرلەر خىجالەتكە قېلىپ ، بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بولغىنىغا پۇشايمان يەپ ، پۇقرالارغا نىسبەتەن يامان ئىش قىلغانلىرىغا توۋا قىلىشتى .

*   *

خىتاي پادىشاھى ئىسكەندەردىن :

— پادىشاھلىق لەززىتىنى نىمىدە كۆردۈڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— ئۈچ نەرسىدە كۆردۈم ، — دەپ جاۋاب بەردى ئىسكەندەر ، — بىرىنچىسى ، دۈشمەنلەرنى بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغاندا ؛ ئىككىنچىسى ، دوستلارغا ياردەم بەرگەندە ؛ ئۈچىنچىسى ، موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغاندا . چۈنكى ، بۇنىڭدىن بۆلەك لەززەتنىڭ ئېتىبارى يوقتۇر .

*   *

بىر ۋەزىر ئوغلىغا نەسىھەت قىلدىكى :

— ئەي پەرزەنت ، سەن پۇقرالارغا ھاكىم بولساڭ ، ئەقلىڭ ساڭا ھاكىمدۇر . پۇقرالار ساڭا قانداق ئىتائەت قىلغان بولسا ، سەن ھەم ئەقلىڭگە شۇ يوسۇنلۇق ئىتائەت قىلغىن . ھەربىر مۇھىم ئىشلاردا چوڭقۇر ئويلان . خۇسۇسەن پۇقرالارنىڭ مىلىغا ۋە ئۆزىڭگە زەرەر يېتىدىغان ئىشلاردا تېخىمۇ كۆپرەك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشۈڭ كېرەك !

*   *

نۇشىرۋان ۋەزىرىدىن سورىدى :

— شىجائەتنىڭ ئەسلىيسى نېمە ؟

— كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋىتىدۇر ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋەزىر ، — مىسالى شۇكى : پالۋانلاردىن بىرى ياشىنىپ قالغانىدى . ئەمما ، ياشىنىپ قالغىنى بىلەن كۆڭلى قۇۋۋەتلىك ئىدى . بىر كۈنى جەڭگە چىقىشنى ئىختىيار قىلدى . ئىككى كىشى يۆلەپ ئاتقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىندۇرگەندى ، بىر بىئەدەپ توساتتىن تەنە قىلىپ :
— بۇ كىشى ھەر قېتىم ئاتقا مىنگەندە ئىككى كىشىنى لازىم قىلىدۇ . ئۇنىڭ قولىدىن نىمە ئىش كېلەر ، — دېدى .
بوۋاي بۇ سۆزنى ئىشىتىپ :
— راست ئېيتىسەن ، مېنى ئاتقا مىندۇرگىلى ئىككى كىشى كېرەك . ئەمما ، ئاتتىن يىقىتقىلى مىڭ كىشى كېرەك ، — دېدى .
نۇشىرۋان بۇ مىسال ئارقىلىق قول قۇۋۋىتىدىن كۆڭۈل قۇۋۋىتىنىڭ زىيادە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى .

*　　　*

ۋاقتىكى ، ئىسكەندەر ئالەمنى بويسۇندۇرماق ئۈچۈن ئاتلانماقچى بولدى . ئۇ ئەرەستۇنى چاقىرتىپ :
— بۇ ئىشقا قەدەم قويدۇم . ئەلۋەتتە ، بۇ سەۋەبلىك دوست - دۈشمەنلىرىم كۆپەيگۈسىدۇر . ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇشۇم كېرەك ؟ — دەپ سورىدى . ئەرەستۇ :
— ئەسلىي قائىدە شۇكى ، ئىلاجىڭ بولسىلا ئۆزۈڭگە دۈشمەن پەيدا قىلمىغىن . دوستلارغا خارلىقنى راۋا كۆرمىگىن . مۇبادا دۈشمەن پەيدا بولسا ، ئۇنىڭغا دىلناۋازلىق ۋە مەرھەمەتسازلىق قىلغىن . ئۇمۇ دوست بولۇپ قالسۇن . دوستنى ئىززەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ئۇلۇغلىغىن ، دوستلۇقى مەھكەم بولسۇن . دۈشمەن كىچىك (ئاجىز) بولسىمۇ بىخەستە بولما . لەشكەرلىرىڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ئىشەنچ قىلىپ كەتمە . ھەرقانداق كىشىگە خۇشخۇيلۇق بىلەن سۆزلىگىن ، ھەرگىزمۇ قوپاللىق قىلما . ھەرقانداق ئىشقا مەسلىھەت بىلەن ھەل قىلغىلى بولسىلا شەمشەر ھەملە قىلمىغىن ! جەڭ ئىشى ئىككى ئېھتىمالدىن تاشقىرى بولماس ، يا سەن كىشى بىلەن ئۇرۇشقىلى بارىسەن ، يا كىشى جەڭ قىلغىلى كېلىدۇ . مۇنداق چاغلاردا تۆۋەندىكىدەك ئون شەرتنى ئادا قىلماي تۇرۇپ جەڭ قىلمىغىن :

بىرىنچىسى شۇكى ، ھەر ۋاقىت پىكرىڭ ساخاۋەت بىلەن ، ئارزۇيۇڭ ئىسلامغا راۋاج بەرمەك بىلەن بولغاي ؛

ئىككىنچى ، ھەق دەرگاھىغا سىغىنىپ يۈز كەلتۈرمەك ، ئەھلى قۇبۇردىن مەدەت تىلىمەك كېرەك ؛

ئۈچىنچى ، ھەر بارە كېڭەش تەدبىرىنى ئەستىن چىقارماي ، خەۋەرچىلەر ۋە جاسۇسلاردىن پايدىلىنىپ دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ھېسابىنى بىلمەك كېرەك ؛

تۆتىنچى ، لەشكەرنى ئۆزىگە ئىتتىپاق قىلماق كېرەك ، چۈنكى لەشكەرنىڭ ئىتتىپاقى پەتھى ـ نۇسرەتنىڭ سەۋەبىدۇر ؛ يەنە ئاكابىرلار ، ئالىملار ، بۇزرۇكلەرنى يېقىن تۇتۇپ ، ئۆزىگە مەھرەم (سىرداش ) قىلماق كېرەك ؛

بەشىنچى ، لەشكىرىنىڭ كۆڭلىنى مۇھەببەت بىلەن ئالماق ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئەندازىسىغا (ئادەتلىرىگە ) ۋاپا قىلماق ، ۋەدىسىدە تۇرماق زۆرۈر ؛

ئالتىنچى ، (پادىشاھ ) ئۆزى جەڭگە كىرمەسلىكى كېرەك . مۇبادا يېڭىلىپ قالسا ، پۈتكۈل ئىشلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ بولماس ؛

يەتتىنچى ، لەشكىرىي سەردارلىقتا شىجائەتلىك ، يۈرەكلىك ، باھادىرلىقتا خەلق ئارىسىدا شۆھرەتلىك ، ياخشى كېڭەشلىك كىشىنى بۇيرۇماق كېرەك . چۈنكى ، ئۇنداق ۋاقىتلاردا (جەڭ مەزگىلىدە ) شىجائەتتىن ئىلگىرى تەدبىر ، يەنى تۈرلۈك مىكىر ـ ھىيلە بىلەن ئىش قىلماق لازىم بولىدۇ . جەڭ ئىشىدا مىكىر ـ ھىيلە مەكروھ ھېسابلانمايدۇ ، بەلكى ۋاجىپتۇر ؛

سەككىزىنچى شەرتى شۇكى ، كىمكى جەڭ ۋاقتىدا ئۆز ئىشىدىن ، ۋەزىپىسىدىن ئارتۇق ئىش قىلسا ، ئىنئام ـ ئېھسان بېرىپ ، ئۇنىڭ ئىززەت ـھۆرمىتىنى زىيادە قىلغاي ؛

توققۇزىنچى ، جەڭ كۈنى غەپلەتتىن يىراق بولۇپ ، بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتمەك كېرەك ؛

ئونىنچى ، دۈشمەن لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولسا ، ئارقىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قوغلىماق كېرەك . ئەگەر دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمىسە ، پىسـ
قاراۋۇللۇق ئىشلىرىنى ئىگىلەش يوللىرىنى ساقلىماق ، ئىستىھكام قازماق ، زەخىرە (ئېھتىياجلىق نەرسىلەر ) جەم قىلماق ؛ سۈلھى يوللىرى بىلەن مال ـ ئەشيا تۇپلىماق ؛ ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن مادارا كۆرسەتمەك لازىمدۇر ، — دېدى .

* *

نۇشىرۋاننىڭ زامانىدا بىر بىچارىنى بىر زالىم بىكاردىن ـ بىكار ئۇرۇپ ـ تەپكەندى ، كېلىپ ئەرز قىلدى . نۇشىرۋان شۇ زامان ئۇ زالىمنى تاپتۇرۇپ كېلىپ دارغا ئاستۇرۇپ ئۆلتۈردى . ۋەزىر :

— كىچىككىنە گۇناھ تۇپەيلىدىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتىكى سەۋەب نېمە ؟ — دەپ سورىدى . نۇشىرۋان :

— مەن ئادەمنى ئۆلتۈرمىدىم . يىلان ، چايان كەبى دۈشمەننى ئۆلتۈردۈم ، — دېدى .

* *

ئىسكەندەر ۋەزىرىدىن سورىدى :

— پادىشاھلار غەپلەتكە قانچە نەرسە سەۋەب بولىدۇ ؟ ۋەزىر ئېيتتىكى :

— ئۈچ نەرسە مەملىكەت ۋە پۇقرانىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر قىلىدۇ :

بىرى ، نەپسىنى شەھۋەتكە يىقىـــنلاشتۇرسا ، ھاۋايـــى ـ ھەۋەسكە ، نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا گىرىپتار بولسا ؛

ئىككىنچى ، تولاراق مال ـ دۇنيا يىغماققا ھېرىس بولسا ؛ بۇ ئەھۋالدا ھالال ۋە هارامغا چەك قويمايدۇ .

پۇقرامۇ پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسىدۇر ، بەلكى خەزىنىلەردىن

ياخشىراقتۇر . چۈنكى ، ئۇ سەرپ قىلغان بىلەنمۇ تۈگىمەيدۇ . پۇقرا مالدار (باي ) بولسا ، پادىشاھ مالدار (باي )نىڭ پادىشاھى بولىدۇ ؛ ئەگەر پۇقرا گاداي بولسا ، شاھ گادايلارنىڭ پادىشاھى بولىدۇ ؛

ئۈچىنچىسى ، پادىشاھلار شاراب ئىچىشكە ، تاماشىغا تولا مايىل بولماسلىقى كېرەك ، چۈنكى مۇلازىملىرى پۇرسەت تېپىپ خالىغىنىنى قىلىدۇ . مەستلىكتە قەبىھ ئىشلار يۈز بېرىدۇ . ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئەخلاقسىزلىق ، كەمچىلىكلەر سادىر بولسا ، ئويغانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولماس .

* *

ئىسكەندەرنىڭ پىنھان بىر سىرى بار ئىدى . «كىشىگە ئېيتمىغىن» دەپ خاسلىرىدىن بىرىگە ئېيتتى . ئاخىر نەچچە مەزگىلدىن كېيىن ئول سۆز (سىر ) ھەممە خەلققە ئاشكارا بولدى . ئىسكەندەر ۋەزىرىگە :

— مەن پالانى كىشىگە : «ھېچكىمگە ئاشكارا قىلمىغىن» دەپ تەكىتلەپ بىر سىرىمنى ئېيتقانىدىم ، ئۇ خەلققە پاش قىپتۇ . مەن ئۇنىڭغا قايسى يوسۇندا جازا بەرسەم ياخشى ، — دېگەنىدى ، ئەرەستۇ :

— ئۇنىڭغا ھېچ جازا لازىم ئەمەس ئىدى . ئۇ سىر ئۆزۈڭگە لازىم تۇرۇپ يەنە بىر كىرەك قىلمايدىغان كىشىگە ساقلىغىن دەپ بېرىپسەن . ئۆزۈڭ ساقلىيالمىغاننى ئۇ ساقلىيالمىسا ، ئۇنىڭغا ئوقۇبەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ، — دېدى .

* *

كەرمان پادىشاھى قالتىس سېخىي ، مېھماندوست ئىدى . ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ شەھىرىگە كەلسە ، تا ئۆز دىيارىغا يەتكۈچە

www.uyghurkitap.com

ۋەزىپە قاتارىدا كۆنگە ئۈچ ۋاخ زىياپەت بېرەتتى .

بەس ، خۇراسان پادىشاھى كەرمان ۋىلايىتىگە لەشكەر تارتىپ كەلدى . كەرمان شاھى شەھەرنى تەرتىپلەپ بېكىتتى . لەشكەرلەر ھەركۈنى كېلىپ شەھەرنىڭ ئالدىدا روبىرو بولۇپ سوقۇشۇپ ياناتتى . ئاخشىمى كەرمان پادىشاھى ئۆز خەزىنىسىدىن خۇراسان شاھىنىڭ تامام لەشكەرلىرىگە يەتكۈدەك تائام چىقىرىپ بېرەتتى . نەچچە كۈندىن كېيىن خۇراسان پادىشاھى : «كۈندۈزى جەڭ قىلىپ ، كېچىسى مېھماندارچىلىق قىلماقنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ » دەپ سورىتىپ كىشى كىرگۈزدى . كەرمان شاھى جاۋاب خەت پۈتۈپ : «جەڭ قىلماق مەردانىلىك ، شىجائەتلىكنىڭ ئىزھارى . مېھماندارچىلىق قىلماق ساخاۋەت ئىشىدۇر . ئۇلار ھەرقانچە دۈشمەن بولسىمۇ ، مېنىڭ يۇرتۇمغا مۇساپىر بولۇپ كەپتۇ . مۇرۇۋۋەت ، سېخىيلىق شۇكى ، كىشىنىڭ شەھىرىگە كەلگەنىكەن ، ئۆزىنىڭ تائاملىرىنى يېمىگەي ! » دەپ نامە چىقاردى . خۇراسان پادىشاھى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ :

«بۇ قەدەر مۇرۇۋۋەتلىك ، ساخاۋەتلىك كىشىدىن مەملىكەت تالىشىپ بولماس ، بەلكى ئىتائەت قىلسا بولغۇدەك» دەپ جەڭ قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ، كۆپتىن ـ كۆپ ئۆزرىلەر قويۇپ ، ئىتائەت قىلىپ ياندى .

مېھماندارچىلىقنىڭ يەنە بىر شەرتى شۇكى ، بىرەر كىشىدىن ھەرقانداق خاتالىق ئۆتكەن بولسا ، ۋاقىتكى ، ئۇل كىشىنىڭ (خاپا قىلغۇچىنىڭ ) ئۆيىگە كېلىپ بىر لوقما تائام تاناۋۇل قىلسا ، ئۇنىڭ (خاپا قىلغۇچىنىڭ ) گۇناھىدىن ئۆتۈپ ، ئۇنىڭغا بولغان ئاداۋەتنى مۇتلەق تاشلىماق ۋاجىپتۇر . بۇنىڭ مىسالى شۇكى :

مۇئەييەد ئىبنى زايىدە ئۈچ يۈز گۇناھكار ئەسىرنى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ ، ھەرقايسىسىدىن سۆز سوراپ ئۆلتۈرمەككە تەيىن قىلدى . ئۇل مەھەلدە بىر گۆدەك قوپۇپ :

— ئەي پادىشاھىم ، مەن نەچچە كۈندىن بېرى تەشنا ۋە

ئاچتۇرمەن ، هالا ، ئۆلتۇرگىلى هۆكۈم قىلىۋاتىسەن . ئارزۇ بىلەن كېتىپ قالماي . بىر نان ، بىر جام سۇ بەرسەڭ نە بولار ؟ ئارزۇيۇمنى قاندۇرۇۋالاي ، — دېگەنىدى ، نان ، سۇ بۇيرۇدى . بۇ گۆدەك قوپۇپ نان بىلەن سۇنى ئېلىپ :

— ئەي پادىشاھىم ، نەچچە مەھەلدىن بېرى بۇ جامائەت بىلەن بەندىتە ئىدۇق ، ھەممىسى ماڭا ئوخشاش تەشنا ، ئاچتۇر . بۇلار قاراپ ئولتۇرسا مەن يالغۇز يېمەكنى راۋا كۆرمەيمەن . ئەگەر بۇلار بىلەن يېسەم ھېچقايسىمىز ئارزۇيىمىزغا قانماسمىز ، — دېدى . مۇئەييەد ئىبنى زايىدەنىڭ رەھمى كېلىپ ، ھەممىسىگە تائام بۇيرۇدى . يەپ - ئىچىپ بولغاندا ، يەنە بۇ گۆدەك قوپۇپ :

— ئەي پادىشاھىم ، بىز ھەممىمىز سىزنىڭ سۇ ، تائاملىرىڭىزنى يەپ مېھمان بولدۇق . بىرىگە بىر ۋاخلىق تائام بېرىپ مۇرۇۋۋەت - ئىلتىپات قىلغاندىن كېيىن ئۇل مۇرۇۋۋەت - ئىلتىپاتتىن يېنىۋالماق راۋا ئەمەس . كەرەم ئەھلىنىڭ رەسىم - قائىدىلىرىمۇ ئۇنداق ئەمەستۇر ، — دېگەنىدى ، پادىشاھ بۇ گۆدەكنىڭ بۇ قاتارلىق تەدبىر - پاراسىتىدىن ھەيران قېلىپ ، ھەممە گۇناھكارلارنى ئازاد قىلدى .

* *

نۇشىرۋاننىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرى بىر كىشى ھەققىدە شىكايەت (غەيۋەت ) قىلدى . نۇشىرۋان بۇ سۆزنى تەھقىق قىلىپ :

— ئەگەر راست بولغان تەقدىردىمۇ سېنى شىكايەتچىلىكنىڭ تۇپەيلى ئىشىكىمدىن قوغلايمەن ، يالغان بولسا چەندان ئوقۇبەتلەر بىلەن ئەدەپ بېرىمەن ، — دېگەنىدى . ئۇ شۇ زامان نۇشىرۋاننىڭ ئالدىدا بۇنىڭدىن كېيىن كىشىنى شىكايەت قىلماسلىققا تۇۋا قىلدى . نۇشىرۋانمۇ ئەپۇ قىلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

* *

«جامىئۇل ـ ھېكايەت»تە مۇنداق نەقىل كەلتۈرۈلگەن :
«ئۇلۇغلار بېخىل ، خەسىس كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن قىلمىغاي !»

بۇنىڭ مىسالى :
ئۆمەر ئىبنى لەيس سەردارلىرىغا باش قىلغان كىشى بېخىل ، خەسىس ئىدى . بىر يىلى مېۋىلەرگە ئۇششۇك تېگىپ ، مېۋە تولىمۇ قىسىلىشىپ كەتتى . ئۆمەر ئىبنى لەيس :
«ھەر يەردە مېۋە بولسا سېتىۋېلىپ يىغىپ ، مېھمان ئۈچۈن ساقلاپ قويۇڭلار !» دەپ بۇيرۇدى .
بىر كۈنى كاتتا مەجلىس ـ مەرىكە تۈزۈلدى . ئەتراپتىن كەلگەن ئەلچىلەرمۇ ئۇ مەرىكىدە بار ئىدى . زىياپەت ئەسۋابلىرىمۇ تەييار بولدى . بىراق ، ئېلىپ چىققان مېۋىلەر ئازراق ئىدى . ئۆمەر ئىبنى لەيس ئۇ كىشىگە :
— مېۋىلەردىن كۆپرەك كەلتۈرگىن ، — دېگەنىدى ، ئۇ كىشى :
— بەتبۇي ، سېسىق مېۋىلەردىن بار . نەچچە كۈندىن بېرى يىغقانلىرىمىز بۇزۇلۇپ قاپتۇ ، — دېدى . ئۆمەر ئىبنى لەيس بۇ سۆزدىن بەك خىجىل بولدى ۋە شۇ ھامان ئۇنى ئىشتىن بوشاتتى . ئۇ دائىم :
«ئۇ خەسىس مېنى شۇنداق خىجالەت قىلدىكى ، ھېچ چارە قىلالمىدىم» دەيتتى .

* *

فەزىل شاھ ئاتلىق بىر پادىشاھ بار ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى ۋەزىرى بار ئىدى . بىرىنىڭ ئېتى نەزەر ، بىرىنىڭ ئېتى

ساقىپ ئىدى. بۇ ئىككىسى مەرىكە ئۈستىدە ھەزىل قىلىشتى، ھەتتا ھەزىل ـ چاقچاقتىن ئۆتۈپ گەپ تالىشىشقا يەتتى. ئاخىر بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشماقچى قارار تاپتى.

نەزەر ساقىينى تۇتۇپ سىلكىگەنىدى، ساقىينىڭ سەللىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ساقىي بۇ ئىشتىن تولىمۇ ئىزا تارتتى. چېھرىسىدە غەزەپ ئەسىرى پەيدا بولدى. بۇ چاغدا پادىشاھ:

— نېمە ئۈچۈن غەزەپناك بولىسەن؟ خىزمەتداشلار ئارىسىدا ھەزىل ـ چاقچاق دېگەندە بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدىغان گەپ، — دېدى.

— نېچۈك ئاچچىقلانماي؟ — دېدى ساقىي، — سەندەك ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ ئالدىدا سەللەم يەرگە چۈشۈپ، ئابرۇيۇم تۆكۈلدى...

پادىشاھ ئېيتتىكى:

كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن، بۇ ئانچىكىم ئەرزىمەس ئىشتۇر.

پالانى ۋاقىتتا پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە بەزى سۆزلەرنى ئېيتقانىدىڭ، ئۇ سۆزنىڭ يالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولغانىدى. سېنىڭ ئابرۇيۇڭ شۇ چاغدىلا چۈشۈپ كەتكەن. بۇ ئىشنى شۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە ئەمەستۇر.

* *

نۇشىرۋان ھۆكۇمالىرىدىن:

— مەملىكەت نەچچە نەرسىدىن زاۋال تاپىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۈچ نەرسىدىن، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار، — بىرىنچى، پادىشاھلار مەملىكەت ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولغاندا؛ ئىككىنچى، رەزىل ۋە رىياكارلار ئەتىۋارلىنىپ مەنسەپ تۇتقاندا؛ ئۈچىنچى، ئەمەلدارلار پۇقرالارغا زۇلۇم قىلغاندا.

نۇشىرۋان يەنە سورىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇنىڭغا قانداق دەلىل ـ ئىسپاتىڭلار بار؟
— ۋاقتىكى، پادىشاھ مەملىكەت ۋە رەئىيەت ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولسا، مەملىكەتتە پىتنە ـ پاسات تولا بولىدۇ، خالايىق نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ غوۋغا ـ توپىلاڭلىرىدىن مەملىكەت ۋەيران بولىدۇ. يەنە بىرى، ھىممەتسىز ۋە پەسكەش كىشىلەر ئەتىۋارلىنىپ مەنسەپ تۇتسا، مال ـ دۇنيا يىغماققا ھېرىسلىق قىلىپ، كىشىلەردىن بىرەر نەرسە تەمە قىلىدۇ؛ كاتتىلار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ؛ چوڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمايدۇ؛ بۇ ۋەجدىن خالايىقنىڭ كۆڭلى ئاغرىپ، ئامالسىزلىقتىن ئىتتىپاقلاشقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى مەرتىۋىسىدىن قالدۇرۇشنىڭ كويىدا بولىدۇ.

* *

مۇئىن ئىبنى زەيدنىڭ ئانداغ كەرەم ۋە ئېھسانى بار ئىدىكى، كەرەم، ئېھسان ۋاقتىدا چىرايىدىن شادلىق كۆلكىسى جىلۋە قىلاتتى.
بىر ئەزىز بىر كىشىدىن:
— مۇئىن ئىبنى زەيد يىغىنچى بولۇتتىمۇ سېخىراق؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى:
— مۇئىن ئىبنى زەيدنىڭ سېخىيلىقى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىرەكتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى، — دەلىلى شۇكى، بۇلۇتتىن يېتىدىغان مەنپەئەت يىغا ـ زار بىلەن بولىدۇ. مۇئىن ھەر نەرسە بەرسە خۇشاللىق بىلەن ئاتا قىلىدۇ...

* *

بۇزۇرجمېھردىن سورىدىكى:
— قانداق كىشى ۋەزىرلىككە لايىق كىشىدۇر؟

— ۋەزىرلىككە لايىق كىشى : بىرىنچى ، ھەممە ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرغۇدەك ھوشيار بولغاي ؛ ئىككىنچى ، زېرەك ، ئۆزىنى ۋاقىت يەتمەستىن بۇرۇن ھالاكەتكە تاشلىمايدىغان ؛ ئۈچىنچى ، زور ئىشلاردىن قورقۇپ كەتمەيدىغان ؛ تۆتىنچى ، سېخىي كىشىدىن ياخشى خىزمەت سادىر بولسا ، ئۇنىڭغا دىلناۋازلىق قىلىدىغان ؛ بەشىنچى ، كىمكى ئۆزىگە ئىتائەتسىزلىك قىلسا ، مال ـ زەر ، نېمەتلەر بېرىپ پەرمانىغا كىرگۈزەلەيدىغان ؛ ئالتىنچى ، ئالىمادىن يۈز بېرىدىغان ئىشلاردا ھازىر ـ تەييار تۇرالايدىغان ؛ پادىشاھنىڭ ئامانلىقىغا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ؛ پۇقرالارغا قارىتا غاپىل بولمايدىغان ۋە ھېچ ئىشقا خىيانەت قىلمايدىغان كىشىدۇر .

* *

كەلتۈرۈپتۇلەركى :

فەزىل ئىبنى سەھەيل ۋەزىرلىك زامانىدا بىر كىشىگە :

— مەن خەلقنىڭ كەلمەك ـ بارمىقىدىن تەڭلىكتە قالدىم . دادخاھلار سۆزىنىڭ تولىلىقىدىن مالال بولدۇم — دېگەنىدى ، ئۇ كىشى :

— ئەي ۋەزىر ، ئىززەت تەكىيسىنى ئارقاڭدىن يۆتكىگىن ، شۇندىلا كىشىلەر سېنىڭ قېشىڭغا كىرىپ قۇلىقىڭنى ئاغرىتماس ! — دېدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

## مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي

*مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 1740 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ 1849 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ «ئادابۇس ـ سالىھىن» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپلىرى»)، «زۇبدەتۇل ـ مەسائىل» («تاللانغان مەسىلىلەر»)، «تەزكىرەئى ئەزىزان» («ئەزىزلەرنىڭ تەزكىرىسى»)، «تەزكىرەئى خاجەگان» («خوجىلار تەزكىرىسى») قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. «ئادابۇس ـ سالىھىن» 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تاشكەنت، ئىستانبۇل قاتارلىق شەھەرلەردە قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان. 1895 ـ يىلى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.*

### بىرىنچى پەسىل. بىرەر كىشىنىڭ ئالدىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى توغرىسىدا

بىرىنچى، ھەر كىم بىراۋنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ كىرىشنى ئىستىسە، ئاۋۋال ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ بىلدۈرگەي، يەنى ئىشىكنى ئاستا چەككەي ياكى يۆتەلگەي.

ئىككىنچى، ئەگەر ئۆيدىن ئاۋاز چىقسا، ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ئۈنلۈك سالام بېرىپ «ئىچكىرىگە كىرسەم بولامدۇ» دېگەي. بۇنداق ئىجازەت سوراش ئۈچ مەرتەمگىچە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەگەر ئۆي ئىگىسى ئۈچ مەرتەمدىن كېيىنمۇ

كىرىشكە ئىجازەت قىلمىسا ياكى ئاۋازى چىقمىسا، كۆپ مەجبۇرلىماي ئىشىك ئالدىدىن قايتقاي.

تۆتىنچى، ئەگەر ئۆي ئىگىسى «سىز كىم بولىسىز؟» دەپ سورىسا جاۋابىغا ئىسمىنى ئېيتقاي. ئەمما، «مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز ياكى دوستىڭىز» دەپ شۈبھىگە سالمىغاي.

بەشىنچى، ئەگەر ئۆي ئىگىسى بىللە بولسا ۋە ئۇنى باشلاپ كەلگەن بولسا، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئىجازەت سوراپ يۈرمىگەي.

## ئىككىنچى پەسىل. سالام بېرىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى توغرىسىدا

بىرىنچى، ئىككى مۆمىن بىر - بىرىگە روبىرو كەلسە مەيلى تونۇش بولسۇن، مەيلى تونۇش بولمىسۇن، ئۆزئارا سالام بېرىشكەي. چۈنكى، سالام بەرمەك سۈننەتتۇر، جاۋاب بېرىش پەرزدۇر.

ئىككىنچى، سالام بەرگەندە ئەسسالامۇئەلەيكۇم دېگەيكى، ئەسسالامۇئەلەيكە ياكى سالام ئەلەيكۇم دېمىگەي.

ئۈچىنچى، ئىسلامغا خاس جاۋاب بەرگەي، يەنى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەي. «ۋەئەلەيكە» دېمىگەي، شۇنداقلا «ۋە» نى چۈشۈرۈپ قويمىغاي. جاۋابنى ۋاقتىدا بەرگەي، سالام بەرگۈچىگە ئاڭلىتىپ بەرگەي، بولمىسا پەرز ئادا بولمايدۇ.

تۆتىنچى، ئەگەر بىراۋ بىر توپ مۆمىنلەرنىڭ ئالدىغا كىرسە بىرلا كىشىگە ئايرىم سالام بەرمىگەي، بەلكى ھەممىنى ئورتاق كۆزدە تۇتقاي. ئەمما، كوچىدا ياكى بازاردا بىر كىشىگە ئايرىم جاۋاب بەرسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر توپ كىشى بىر كىشىگە سالام بەرسە جاۋابنى ھەممىسىگە ئورتاق بەرگەي، ئۇلاردىن بىرىگە ئايرىم جاۋاب بەرسە، باشقىلارنىڭ سالىمى جاۋابسىز قېلىپ پەرز ئادا بولماس. يەنە ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە بىر كىمدىن سالام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوللىسا ۋە ئۇ خەۋەرچى ئوتتۇرىدا سالامنى يەتكۈزسە ئۇنىڭغا جىر
بېرىش ۋاجىپتۇر .

بەشىنچى ، سالام بەرگەندە بېشىنى سالمىغاي ، شۇنداقلا قول ، مۆرە ياكى باش بىلەن ئىشارەت قىلماسلىق كېرەك . بۇ خۇنۇك ۋە يېقىمسىزدۇر .

ئالتىنچى ، ئاۋازلىق سالام بېرىش لازىم ، يەنە قارشى تەرەپ ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە . جاۋابنىمۇ سالام بەرگۈچىگە ئاڭلىتىپ بېرىش كېرەك . گاسقا سالام بەرگەندە ھەم ئۈنلۈك ئاۋازدا ، ھەم قول بىلەن ئىشارەت قىلىپ سالام بېرىش كېرەك . ئەگەر قول بىلەن ئىشارەت قىلماي گاس ئاڭلىمىسا ئۇنىڭغا جاۋاب زۆرۈر ئەمەستۇر . ئەگەر گاس سالام بەرسە ھەم ئاۋازلىق ، ھەم ئىشارەت بىلەن جاۋاب بەرگەي . ئەگەر گاچىغا سالام بەرسە ئۇ گاچا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ جاۋاب سالام بەرسە پەرز ئادا بولغاي . ئەگەر گاچا سالام بەرسە ، جاۋابى تىل بىلەن قايتۇرۇلغاي ، شۇنداقلا ئىشارەتمۇ قىلىنغاي ، شۇ ئارقىلىق پەرز ئادا بولغاي .

يەتتىنچى ، چوڭ كىچىككە ، ئاتلىق پىيادىگە ، يولۇچى ئولتۇرغۇچىغا ، بەگ قۇلىغا ، بۆۋى كېنىزەككە ۋە ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام بەرگەي .

سەككىزىنچى ، يات كىشى ساھىبجامال خوتۇنغا (ئەرسىز قىزغا ) سالام قىلمىغاي ۋە بۇ سالامغا جاۋابنىڭ ھاجىتى يوق . ئەگەر ئىبرى بار خوتۇن بولسا ، ئۇنىڭغا سالام بېرىش راۋادۇر ۋە بۇ سالامغا جاۋاب لازىمدۇر .

## سۆھبەت ئەھلىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى توغرىسىدا

بىرىنچى ، ئازادە سۆھبەت قىلىش ئۈچۈن نىيەتنى دۇرۇس قىلغاي ، يەنى غەرەزسىز بولغاي .

ئىككىنچى ، پاك بولغاي .

ئۈچىنچى ، كىيىم - كېچەك ۋە بەدەننى پاكىز ۋە خۇشبۇي

تۇتقاي . بەتبۇي نەرسىلەرنى ئۆزىدىن يىراق قىلغاي . سۆھبەت ئەھلىنىڭ نەپرىتىگە تۇتۇرۇق بولمىغاي . چىشىنى مەينەت نەرسىلەردىن پاكىز تۇتقاي ، شۇنداقلا ئېغىزىنىمۇ خام پىياز ، سامساققا ئوخشاش نەرسىلەردىن خالىي تۇتقاي . شۇ سەۋەبتىن دوستلىرىنى يىرگەندۇرۇپ قويمىسۇن .

تۆتىنچى ، ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىگە ھېرىسمەن بولغاي . ئەزىزى ئېيتىپتۇر : «نامازنىڭ قازاسى باردۇر ، سۆھبەتنىڭ قازاسى يوقتۇر ، يەنى ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىنى ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن تاپقىلى بولمايدۇ .» شۇنداق ئىكەن ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش لازىم .

* *

سۆھبەتتە ئەدەپ ۋە ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرغاي ، باشقىلارغا ئورۇننى كەڭ قويغاي ، تىزىنى باشقىلارنىڭ تىزىغا قويمىغاي ، ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا رازىلىقسىز (رۇخسەتسىز ) كىرىپ ئولتۇرمىغاي .

* *

سول قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ يەرگە تىرەپ يۆلىنىپ ئولتۇرمىغاي . ئەگەر باشقىلار قاتارى تىزىنى كۆتۈرۈپ ياكى چازا قۇرۇپ ئولتۇرسا مۇۋاپىقتۇر . تىزىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇش — ئىككى تىزىنى كۆتۈرۈپ ، ئىككى قولى بىلەن پاچىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشتۇر .

* *

سۆھبەت ئەھلى كىرگەن ۋە چىققان چاغدا ئورنىدىن تۇرغاي .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

* *

پەزىلەتلىك كىشىلەرنى يۇقىرى ئولتۇرغۇزغاي ۋە ئۇنىڭغا تەزىم قىلغاي، شۇنداقلا ھەربىر ئادەمنى ئۆزىدىن ياخشى بىلىپ ئاڭا ھۆرمەت قىلغاي.

* *

ئۆزىنى ئەدەپسىز سۆزدىن، يامان قىلىق ۋە ھەرىكەتلەردىن ۋە ئورۇنسىز سۈكۈتتىن ساقلىغاي.

* *

چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ ھەر قايسىسىنى ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق ھۆرمەت قىلغاي. ياشتا چوڭلارنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەت قىلغاي. يېقىنلىرىنى ئاكا ـ ئىنى قاتارىدا كۆرۈپ ئۇلارغا ياخشى خۇلق ۋە مۇۋاپىق ئىززەت بىلەن مۇئامىلە قىلغاي. كىچىكلەرنى ئۆز پەرزەنتى ساناپ ئۇلارغا شەپقەت، نەسىھەت ۋە ئەدەپ يەتكۈزگەي. ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ھەرقانداق نەرسىگە دالالەت قىلغاي، لېكىن سەتەڭلەر سۆھبىتىدىن ئۇلارنى چەكلىگەي. ئەگەر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىپ قالسا كۆزىنى ۋە كۆڭلىنى ئۇلاردىن ساقلىغاي.

* *

كەمتەر كىشىلەرگە كەمتەرلىك، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ياخشىلىق ۋە ياخشى دۇئا قىلغاي.

*        *

ئەگەر مەجلىس ئەھلــــى ئارىســـــدا چۈشكۈرۈك كەلسە ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ئاۋازىنى پەس قىلــغاي ۋە ســـلىـــق چۈشكۈرگەي . ئىغىزىغا يېڭىنى ياكى باشقا نەرسىنى تۇتقاي .

*        *

ئۆز خاھىشى ۋە قىزغىنلىقى بىلەن سۆھبەت ئەھلىگە خىزمەت قىلغاي .

*        *

سۆھبەت ئەھلىگە خىزمىتىنى ئەسلا كۆز ـ كۆز قىلمىغاي ۋە ھېچكىمنى خىزمەتكە بۇيرۇمىغاي .

*        *

قىلغان خىزمىتىدىن مىننەت قىلمىغاي ، بەلكى ئۇنىـــڭ خىزمىتىنى سۆھبەت ئەھلىنىڭ قوبۇل قىلغانلىقىدىن كۆپ شۈكۈر قىلىش بىلەن مىننەتدار بولغاي .

*        *

دوست ـ بۇرادەر ياكى ياتلارنىڭ سۆھبىتىدە يۈزىــنى ئوچۇق ، تىلىــنى چۈچۈك تۇتـقاي . بۇ خىســلەت گۈزەل ۋە چىــرايلىـق ئەدەپ ـ قائىدە جۈملىسىدىندۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*　　　　*

ئۆز مۇلكىنى سۆھبەت ئەھلىدىن يوشۇرمىغاي ، بەلكى ئۇلارنى ئۆز مۇلكىگە ئورتاق كۆرگەي . ئەمما ، خوتۇنى ۋە هارام نەرسىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا .

*　　　　*

ئەگەر مەجلىسكە ھەدىيە كەلسە ئۇلۇغلاردىن كەلگەن بولسىمۇ «ھەدىيە ھەممىگە ئورتاقتۇر» دېگەن ھۆكۈمگە ئاساسەن ، سۆھبەت ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلغاي . ئۆزىگە ، شۇنداقلا يوق بولسىمۇ خىزمەتچىلەرگە نېسىۋە ساقلىغاي .

*　　　　*

بۇرادەرلىرى ئاداشسا ئەيۋ قىلغاي ، ئۇلارنى ئەيۋ سوراتمىغاي ، ئەيىبلىرىنى يۈزىگە سالمىغاي .

*　　　　*

ئەگەر بۇرادىرى يامانلىق قىلغان بولسا خىلۋەت جايدا نەسىھەت قىلغاي .

*　　　　*

ئەگەر يېقىنلىرىدىن بىرى بىرەر يامان ئىش ياكى بىرەر قەبىھ ھەرىكەتنى مەلۇم قىلسا ئۇنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلغاي .

* *

ئەزىزلەرنىڭ نەسىھەت ۋە ۋەزلىرىنــــى ۋۇجۇدىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ قوبۇل قىلغاي .

## تۆتىنچى پەسىل . سۆھبەت ئەھلى ئۆزىنى قاچۇرۇشى لازىم بولغان بەزى ھال - ئەھۋاللار توغرىسىدا

بىرىنچى ، كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان ۋە خاتىرجەملىــــكنى بۇزىدىغان كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قىلماسلىق كېرەك .

ئىككىنچى ، سۆھبەتتە ئەسنىمىگەي . ئىــــمكانــــى بارىچە ئەسنىمەسلىككە ھەرىكەت قىلغاي ، يەنى يۇقىرىدىكى چىشلىرى بىلەن تۆۋەنكى كالپۇكىنى مەھكەم چىشلىگەي ، بۇنىڭلىق بىلەنمۇ بولمىسا سول قولى ياكى يېڭى بىلەن ئېغىزىنى توسقاي .

ئۈچىنچى ، ئۈگدىمىگەي .

تۆتىنچى ، مەجلىستە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتمىغاي .

بەشىنچى ، بىر كىشــى سۆزلەۋاتقاندا ياكــــى ئۇ سۆزلەپ بولمىغۇچە سۆزىنى بۆلمىگەي .

ئالتىنچى ، سۆھبەتتە ھەددىدىن زىيادە جىم بولۇۋالمىغاي . باشتىن - ئاخىر پۈتۈنلەي جىم بولۇۋېلىش نەپرەتلىــــك ھەم ياماندۇر .

يەتتىنچى ، كۆپمۇ سۆزلىمىگەي .

سەككىزىنچى ، پاساھەتلىك ۋە ھېكمەتلىــــك سۆزلەرنــــى سۆزلەشتە تەكەللۇپ قىلمىغاي .

توققۇزىنچى ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە بىلىش دەرىجىســــدىن زىيادە سۆزلەرنى سۆزلىمىگەي .

ئونىنچى ، سۆھبەتداشلىرى بىــــلەن جېدەل - ماجىــــرا قىلمىغاي . ئەگەر ئۇلار بۇزۇقلۇق قىلسا ياكى ئىنكارچىلىق قىلسا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ چاغدا مۇلاھىزە ۋە مۇنازىرە قىلسا بولىدۇ ...

ئون بىرىنچى ، دوست - بۇرادەرلىرىگە ئارتۇقچە خۇشامەت قىلمىغاي .

ئون ئىككىنچى ، سۆھبەتداشلىرىنى مازاق قىلمىغاي ۋە ئۇلارغا ئارتۇقچە چاقچاق قىلمىغاي . بەزىدە راست گەپلەر بىلەن سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرسە يامىنى يوقتۇر ، تىلىنى چىقىرىپ ھەرىكەت ئارقىلىق بالىلارنى خۇشال قىلىش توغرىدۇر .

ئون ئۈچىنچى ، ھەرقانداق كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىغاي . غەيۋەتكە قۇلاق سالمىغاي ...

ئون تۆتىنچى ، مەجلىستە ئىككى كىشى بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ مەخپىي سۆزلەشمىگەي ، شۇنداقلا مەجلىس ئەھلىنىڭ بەزىلىرى بىلىدىغان ، بەزىلىرى بىلمەيدىغان تىلدا سۆزلەشمىگەي . بۇ خىل ئادەت نەپرەتلىكتۇر . ئەگەر زىياپەت بەرگۈچى مۇلازىمغا ياكى مۇلازىم ئۇنىڭغا ئىشارەت بىلەن سۆزلىسە ، ئاش - تائامنىڭ رەتلىك بولۇشى ئۈچۈن توغرىدۇر . يەنە ئىككى كىشى بىر - بىرىگە سىر ئېيتىۋاتقان بولسا ئۈچىنچى بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرمىگەي ، سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالمىغاي ، بۇ ئەدەپتىندۇر .

# زىياپەت ۋە يېمەك - ئىچمەك ئەدەپ - ئەخلاقى توغرىسىدا

## مېھماندارچىلىقنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى توغرىسىدا

بىرىنچى ، ئاددىي كىشىلەرنى مېھمان قىلغاي… يەنە بىر شەرتى شۇكى ، بىر ئۆيدىن ئاتىسىنى چاقىرسا بالىسىنىمۇ قوشۇپ چاقىرغاي . ئەگەر چاقىرىلغان كىشىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ يېقىن قېرىندىشى بولسا ئۇنىمۇ بىللە چاقىرغاي ، يەنى ئۇنى ئايرىپ قويمىغاي ، بۇ ئېغىر ئىشتۇر .

ئىككىنچى ، مېھماننى لايىقىدا ئىززەت - ھۆرمەت قىلغاي . مېھماننىڭ مېھمانلىق ئىززىتى ئۈچ كۈنگىچىدۇر . ئۈچىنچى كۈنى ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمىسىمۇ بولىدۇ .

*     *

مېھماننىڭ ئالدىغا تائامنى ۋاقتىدا كەلتۈرگەي ، كۆپ ساقلاتمىغاي . نان ۋە باشقا تائاملارنى ئىسراپ قىلمىغاي . ناننى داستىخانغا تاق قويغاي ، داستىخانغا ئولتۇرغانلارغا يەتكۇدەكلا نان قويغاي . ئارتۇقچە قويۇپ ئىسراپ قىلمىغاي ۋە خارلىمىغاي .

*     *

مېھمانغا تائام قويغاندىن كېيىن يېيىشكە ئىجازەت بەرگەي . ئەگەر مېھمان يات ئادەم بولسا ، ئۆي ئىگىسى تائامغا ئاۋۋال قول

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سالغاي ۋە ھەممىدىن كېيىن قولىنى يىغقاي . ئەگەر مېھمان ئ...
يارۇ بۇرادەرلىرى بولسا ئاۋۋال ئۇلارنى تەكلىپ قىلغاي ، ئۇلاردىن
بۇرۇن قول ئۇزاتمىغاي .

* *

مېھماننى تائامغا ھەددىدىن ئارتۇق زورلىمىغاي ، ئۇچ مەرتەمدىن زىيادە تەكلىپ قىلمىغاي . تاماق يېيىشتە مېھمانغا مۇۋاپىق ھەمدەمدە بولغاي ، ۋاقتىلىق روزا تۇتۇشقا نىيەت قىلغان بولسىمۇ .

* *

تاتلىق ، ياخشى تائامنى مېھمانغا يېگۈزۈپ ، ئاددىيراقىنى ئۆزى يېگەي . ئەگەر تائام ئاز بولسا ۋە مېھماننىڭ ئاچ ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا ، ئۆزى ئازراق يەپ كۆپرەكىنى مېھمانغا يېگۈزگەي . مېھمان تائام يەپ بولغاندىن كېيىن كەتمەكچى بولسا ، ئىجازەت بېرىپ ئىشىككىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويغاي ، خۇددى كەلگەن چاغدا ئالدىغا چىققاندەك ...

* *

ئۆيدە نېمە تەييار بولسا مېھماننىڭ ئالدىغا قويغاي .

* *

ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمىغاي . ئەگەر ياخشى نىيەت ۋە توغرا مەقسەت بىلەن تەكەللۇپ قىلسا راۋادۇر .

# يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى توغرىسىدا

بىرىنچى ، تائامنى ئازراق يېگەي ياكى قورساق ھەقتقىي ئاچمىغۇچە تائام يېمىگەي .

ئىككىنچى ، شۈبھىلىك تائامدىن ھەزەر قىلغاي ، ئەگەر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن شۈبھىلىك تائامنى يېيىشكە توغرا كەلسە ئىمكانقەدەر ئاز يېگەي ...

* *

تائامنى ئولتۇرۇپ يېگەي ...

* *

تائامنى دىققەت بىلەن يېگەي ...

* *

تائامنى ئوڭ قول بىلەن يېگەي ...

* *

تائامنى ئۆز ئالدىدىن ئالغاي ، ئەمما مېۋىلەرنى ھەرقايسى تەرەپتىن ئالسا بولىدۇ .

* *

نان ۋە نان ئۇۋاقلىرىنى قەدىرلىگەي ، ناننى ئىككى قول بىلەن سۇندۇرغاي ...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى

*　　　*

قورسىقى ئاچ بولسىمۇ تائامنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ، ئاۋاز چىقىرىپ يېمىگەي . بۇ خىلدىكى تائام يېيىشنى ئاچ كۆزلۈك دەپ ئاتايدۇ . ئۇ كۆڭۈلنىڭ قېتىشىغا ۋە كورلۇقىغا سەۋەب بولۇپلا قالماي ، كۆڭۈلنى ئۆلتۈرىدۇ .

*　　　*

تائامدىن بۇرۇن ۋە تائامدىن كېيىن قولىنى يۇغاي ...

*　　　*

تائامنى يەپ بولغاندىن كېيىن رەھمەت ـ تەشەككۇر ئېيتقاي ...

# ئەخلاق بىلىملىرى

## رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن

*رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن تالانتلىق مۇتەپەككۇر، ئەدىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئون قىسمدىن تەركىب تاپقان مەشھۇر ئەسىرى «ئىلمى ئەخلاق» («ئەخلاق ئىلمى») مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدا ھەربىر ئادەم ئىگىلىشى زۆرۈر بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاققا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر ئىلمىي ئۇسۇلدا تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ناھايىتى زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.*

## ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا

ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ھۆرمەت قىلىش ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىدۇر. ئاتا ـ ئانىلىرىغا ھۆرمەت قىلغۇچىلار دۇنيادا بەختلىك بولىدۇ ۋە ئاخىرەتتە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەتتە بولۇشنى تەڭرىتائالا پەرز قىلغان.

ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلغان باللار كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆزلىرى ئاتا ـ ئانا بولغاندا باللىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلار ۋە باللىرىدىن ھۆرمەت كۆرەر. ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلمىغان باللار كىمنىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ.

قانچىلىك بەختكە ۋە بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشسەڭ، ئاتا ـ ئانىڭىزنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماڭ. ئۇلارغا ئىتائەتمەن بولۇپ ھۆرمەت قىلىڭ، نەسىھىتىنى ئاڭلاڭ، رازىلىقىنى ئېلىڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

موھتاجلىقلىرى ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكتىشكە تىرىشىڭ . يىراق يەردە بولسا ھەر ۋاقىت خەت يېزىپ ، بىر نەرسە ئەۋەتىپ تۇرۇڭ . مۇمكىن بولغاندا بېرىپ يوقلاپ …

ئاتا ـ ئانىنىڭ باللىرىنىڭ ياردىمىگە ئەڭ موھتاج بولغان كۆڭلىرى — قېرىلىق چاغلىرىدۇر . شۇنداق ئىكەن ، بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىلارغا يەنىمۇ كۆپرەك ھۆرمەت كۆرسىتىش كېرەك .

ئاتا ـ ئانىنى ھەر ۋاقىت ھۆرمەت قىلىش ۋەزىپە بولسىمۇ ، قېرىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھۆرمىتى يەنىمۇ ئۇلۇغدۇر …

ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ۋەزىپە بولغانغا ئوخشاش ، ھەربىر ئۇرۇق ـ تۇغقان قېرىنداشلارنى ، مۇئەللىم ـ ئۇستازلارنى ، ياشتا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشمۇ ۋەزىپىدۇر . بۇ ۋەزىپىدىمۇ نۇقسان يۈز بەرمەسلىكى كېرەك .

ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت كۆرسەتكەن ئادەملەرگە ئۆزىدىن كىچىكلەر ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ . ئادەم نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدۇ .

ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىق ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەجداد ۋە جەمەتىگە ھۆرمەت قىلماسلىق باللارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئەيىب بولسىمۇ ، بۇ ئىشلار قىزلار ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئەيىبتۇر .

## ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

دۇنيادا راھەتتە ياشاشنى ئويلىغان ئادەملەر كۆڭلى ياخشى ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلاردۇر . ياخشى كۆڭۈللۈك ۋە خەلقلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قەلبى قايغۇدىن خالىيدۇر . ئۇلار دائىم راھەتتە ياشاپ ، دۇنيا سورايدۇ .

ياخشى كۆڭۈللۈك ئادەملەر ئاللا ۋە بەندىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئازابلانمايدۇ .

تەندىكى ئەزالارنىڭ بىرى ئاغرىسا پۈتۈن بەدەن ئازابلىنىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش ، ئادەم باللىرىدىن بىرىگە قايغۇ ـ ھەسرەت

كەلگەنلىكىنى بىلگەن ھەربىر ئادەم بىردەك قايغۇرۇپ، ھەسرىتىنى ئورتاقلىشىشى لازىم، بۇ ياخشىلىقتۇر.

كىشىلەرگە سۆيۈملۈك بولۇشنى ھەركىم ئارزۇ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كىلىدىغان لەززەتنى ھەركىم سۆيىدۇ. لېكىن، سۆيۈملۈك بولۇش ئۈچۈن بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر. ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ھەركىم سۆيەر ۋە ئۇلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلار.

## مەكتەپ ۋە ئوقۇش توغرىسىدا

ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلگەن كىشىلەرنى مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشاتسا بولىدۇ. مېۋىلىك دەرەخ مېۋىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاش، ئوقۇش، يېزىشنى بىلگەن ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىلىملىرى بىلەن كىشىلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇش، يېزىشنى ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆگىنىش لازىم.

ئۆتكەن ئۆمۈرنى قايتۇرۇپ بولمايدۇ، ئۇ ئەڭ قىممەتلىك بىر دۆلەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ قىممەتلىك بولغان دۆلەتنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك. ئادەم ئۈچۈن ئىشەنچلىك بولغان كامالەت — پەقەت ئىلىمدۇر. ئىلىمدىن باشقا كامالەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئىشەنچلىك ئەمەستۇر. بۇ بۈگۈن بار، ئەتىسى يوق.

ئوقۇغان نەرسىلەرنى ياخشى چۈشىنىش، چۈشەنگەن نەرسىلەرنى چىرايلىق خاتىرىلەش لازىم. ئوقۇشنىڭ پايدىسى پەقەت شۇ چاغدىلا بولىدۇ. ئەكسىچە چۈشىنەر ـ چۈشەنمەس ئوقۇشتىن مەنە چىقمايدۇ.

ئادەم ھەم ھايۋان، ھەم ئىنساندۇر. ھايۋانلىقى يېيىشتە، ئىنسانلىقى بولسا ئوقۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇمىغانلارنىڭ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن پەرقى يوقتۇر، بۇنى ھەركىم بىلىدۇ.

ئوقۇش ئورۇنلىرى مەكتەپلەردۇر. مەكتەپلەردە ئوقۇش،

يېزىشنى ئۆگىنىدۇ. كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى بىلىش، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارمۇ مەكتەپلەردە ئۆگىتىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار، يەنى مۇئەللىم ۋە مۇئەللىمەلەر بالىلارنى ھايۋانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنسان قىلىش ئۈچۈن تىرىشقۇچىلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتەپنى، مۇئەللىمنى سۆيۈش، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش كېرەك.

## پاكىزلىق — پاكلىق توغرىسىدا

قول، يۈز، كىيىم - كېچەك، كىتاب، يېزىق ۋە باشقا ھەرتۈرلۈك نەرسىلەرنى كىرسىز، چاڭسىز تۇتۇش پاكىزلىق — پاكلىق بولىدۇ. بۇ نەرسىلىرى كىر كىشىلەردىن ئادەملەر نەپرەتلىنىدۇ، قاچىدۇ.

ئادەملەر پاك بولغان ۋە پاك يۈرگەنلەرنى سۆيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پاكىزلىق — پاكلىقنى ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆگىنىش ۋە ئادەتلىنىش لازىم.

پاكلىقنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئادەت قىلىش كۆپىنچە، قىزلار ئۈچۈن زۆرۈردۇر. چۈنكى، قىزلار ۋاقتى كېلىپ چوڭ بولۇپ يۇرت (ئىنسان) خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇسىدۇر، ئائىلىلار پۈتۈنلەي شۇلارنىڭ تەربىيىسىدە بولغۇسىدۇر.

پاكىزلىق ۋە پاكلىق ئەڭ ماختاشقا لايىق سۈپەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىق. ئەڭ يىرگىنچلىك، ئىپلاس ئادەملەرمۇ پاكىزلىق ۋە پاكلىقنى سۆيىدۇ، ئىپلاس، نىجىس كىشىلەردىن يىرگىنىدۇ.

قىزلار ئۈچۈن ئەڭ زور زىننەت ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بايلىق پاكىزلىق ۋە پاكلىقتۇر. بۇنى ھەر ۋاقىت ئەستە تۇتۇش ۋە ھەر ۋاقىت شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم.

## گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدا

ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەملەر ئەڭ مۆتىۋەر بولۇپ، ئەخلاقسىزلار بولسا خەلق ئالدىدا قەدىرسىزدۇر.
ئادەم بالىسىنىڭ ياش چېغىدا ئۆگەنگەن ئادىتى مەڭگۈ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۈزەل ئەخلاقنى ياش ۋاقتىدا ئۆگىنىش كېرەك.
گۈزەل ئەخلاق ھەربىر ئادەم ئۈچۈن كېرەكلىك بولسىمۇ، قىزلار ئۈچۈن تېخىمۇ زۆرۈردۇر. ئەخلاقسىز قىزلار خەلق ئارىسىدا ياخشى نام چىقىرالمايدۇ، ئەتىۋارىمۇ بولمايدۇ.

## سالامەتلىكنى ئاسراش توغرىسىدا

ئادەم بالىسىنىڭ ئەڭ زور بايلىقى ئۆز تېنىنىڭ سالامەتلىكىدۇر. ئادەم بالىسى بۇ زور بايلىقنىڭ قەدرىنى كۆپ ۋاقىت بىلمەي ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. تېنى ساغلام بولمىغان ئادەم پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولسىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، ئازراق بولسىمۇ راھەت كۆرمەيدۇ. كۆپ كېسەللىكلەرنىڭ نېمىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كېسەللىككە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم.

## ئۆيلىنىش — نىكاھ توغرىسىدا

دۇنيادا ياشىغۇچى ئادەملەر ئەگەر تېنى سالامەت بولسىلا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك جورا تاللاشقا، ئۆيلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ھەممە ئادەمگە مەلۇمدۇر.
كىشىلەر بازارغا بارغان چاغلىرىدىمۇ ئۆز يولداشلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ياخشى ، ئۆزگە يارايدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . كۆڭلىگە ياقمىغان ئادەم بىلەن بىللە يۈرۈشتىن ساقلىنىدۇ . ھالبۇكى ، تىرىكلىك يولدىشى بەش - ئون چاقىرىم يەردىكى بازارغا بېرىش ئۈچۈن ياكى بىر كېچە - كۈندۈز بىللە يۈرۈش ئۈچۈن تاللانغان يولداش ئەمەس ، بەلكى ئۇ بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ ، بىللە كۈن ئۆتكۈزىدىغان يولداشتۇر .

يولداشنىڭ ياخشى بولۇشىنىلا تەكشۈرۈش يېتەرلىك ئەمەس . ئۇنىڭ خۇلقىنى ، مىجەزىنى بىلىشكە تىرىشىش لازىم ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يولداش بولۇشقا يارايدىغان - يارىمايدىغانلىقىغىمۇ قاراش لازىم . شۇ سەۋەبتىن ئەرگە تەگكۈچى قىز ئېرىنىڭ ئۆزگە مۇۋاپىق كېلىش - كەلمەسلىكىنى ھېسابقا ئېلىشى كېرەك .

ئەرگە تەگكۈچى قىزلار ئۈچۈن كېرەك بولغان كۆزىتىشلەر خوتۇن ئالغۇچى ئەرلەرگىمۇ زۆرۈردۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ يەردە خوتۇن بىلەن ئەرنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرى توغرىسىدىكى ۋەزىپىلىرى سۆزلىنىدۇ .

## خوتۇن كىم

خوتۇن شەرىئەت بويىچە بىر ئەرنىڭ تىرىكلىك يولدىشىدۇر . ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ھويلىسىغا خوجا بولۇپ تۇرغۇچىدۇر . ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز ۋە ھەسرەتلىك چاغلىرىدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگۈچى ، قانداقلا بولسۇن خۇشال قىلىشقا تىرىشقۇچىدۇر .

خوتۇن ئېرىنىڭ مال - مۈلكىنى ساقلىغۇچى ، پۇلىنى ئاز خىراجەت قىلىشقا تىرىشقۇچىدۇر . ئېرىنىڭ ، بالىلىرىنىڭ تەن ۋە كۆڭۈللىرىنى ئاسراپ ئۆستۈرگۈچى ، ئېرىدە بولغان بۇزۇق ئادەت ، بۇزۇق مىجەزلەرنى تۈگىتىشكە سەۋەب بولغۇچىدۇر .

خوتۇن ئېرىنىڭ قاتتىق كۆڭلىنى يۇمشاتقۇچى ...

خوتۇن يات - يات ئويناپ تۇرىدىغان قونچاق ئەمەس !

خوتۇن بۇگۈنى كىيىپ ئەتىسى سالىدىغان كىيىم ئەمەس .

خوتۇن هايۋان ئەمەسكى ، ياقسا بېقىپ ، ياقمىسا بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىۋېتىدىغان .

خوتۇن خىزمەتكار ئەمەسكى ، ياخشى ئىشلىسە ساقلاپ قېلىپ ، ياخشى ئىشلىمىسە قوغلىۋېتىدىغان ، بەلكى ئۇ ئۆمۈرلۈك بىر يولداشتۇر .

## ئەر كىم

ئەر شەرىئەت بويىچە خوتۇننى ئۆزىگە يولداش بولۇشقا قوبۇل قىلغۇچىدۇر .

ئەر خوتۇننىڭ مۇشەققەتلەردىن ، زىيان - زەخمەتلەردىن ئاسرىغۇچىدۇر . خوتۇننىڭ بىلمەي قىلغان ئىشلىرىنى كەچۈرۈپ ياخشى نەسىھەت قىلغۇچى ۋە ھەر ۋاقىت خوتۇننى شەپقەت قاناتلىرى ئاستىدا تەربىيە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر .

ئەر خوتۇنغا نىسبەتەن ھەر ۋاقىت ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر . ئۇ خوتۇننى كۈچى يەتمىگەن خىزمەتلەرنى بېجىرىشكە زورلىماسلىقى كېرەك . خوتۇنغا نىسبەتەن قاتتىق كۆڭۈللۈكتىن ۋە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلدۈرمەي يۈرۈشتىن ساقلىنىشى لازىم .

## قىز نىقىش توغرىسىدا

ئەر بىلەن خوتۇن ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلسا ۋە ئۇنى ئۆزلىرى ئۇچۇن زۆرۈر دەپ بىلسە نىكاھ قىلىش لازىم . ئەگەر ھەر ئىككىسى ياكى ئىككىسىدىن بىرى نىكاھنى ئۆزى ئۇچۇن زۆرۈر تاپمىسا ۋە ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىمىسا ، ئۇ چاغدا نىكاھتىن پايدا يوق . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۆيلەنگۈچى يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىگە قىزىقىش كۆڭۈللىرى بىلەن بىر - بىرىنى ئارزۇ قىلىپ ياقتۇرۇشى لازىم . ھەر ئىككىسى ياكى بىرى ئىككىنچىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆڭۈل بېرىپ سۆيمىسە ، ئۇ نىكاھتىن پايدا يوق . بىر - بىرىگە ئۆزئارا قىزىقىش ۋە بىر - بىرىگە مۇھەببەت بولمىغان قىز - يىگىتنى نىكاھ بىلەن بىللە جەم قىلىپ قويۇش بىر - بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى ئادەمنى بىر ئۆيگە قاماپ قويغانغا ئوخشاشلا بىر ئىشتۇر .

ئۆزلىرى ئاڭلىمىغان ، بىلمىگەن ، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلمىغان ۋە مۇھەببىتى چۈشمىگەن يىگىتلەرگە قىزلارنى زورلاپ بېرىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوقتۇر .

## مۇۋاپىق بولۇش توغرىسىدا

ئۆيلەنگۈچى قىز - يىگىت مىجەز - خۇلق جەھەتتە بىر - بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك . بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ياقتۇرمىغان ئادەملەر بىر چاقىرىم يەرگىمۇ بىللە بارالمايدۇ . ئۇنداقتا مىجەز - خۇلقى بىر - بىرىگە مۇۋاپىق بولمىغان قىز بىلەن يىگىت قانداق قىلىپ دۇنيا سەپىرىدە بىللە بولالىسۇن ؟ ۋە قانداق قىلىپ بىر جان بىر تەن بولالىسۇن ؟

بىر قېتىم يۈزلىرىنى ، بويىنى كۆرۈش بىلەن قىز - يىگىت بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى پۈتۈنلەي بىلىپ ۋە سىناپ بولالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ توغرىدا يەنىمۇ ياخشى ۋە ئۇزاق ۋاقىت چۈشىنىشكە ، ھەسسىلەپ بىلىشكە تىرىشىش لازىم .

سۈتنى سېغىپ ئىچىش ئۈچۈن بىر سىيىر (كالا) ئالغان ئادەممۇ ئۇزاق ۋاقىت شۇ سىيىر ھەققىدە بىلگەنلەردىن سورايدۇ ، ئۆيىگە قارىغۇچى قاراۋۇللارنى ئازراق بولسىمۇ تەكشۈرىدۇ . شۇنداق ئىكەن ، ئۆمۈر بويى بىللە تۇرىدىغان ۋە بىللە ياشايدىغان ئادەم ھەققىدە سوراش ۋە ھالىنى ئوچۇق بىلىش ئۈچۈن كۆپرەك ئىجتىھات قىلىش لازىم .

مىجەز - خۇلقىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلىشنىڭ ئورنىغا يىگىتنىڭ مىلىنى ، كىيىم - كېچەك ، ئۆي جاھازلىرىنى ، ئاتا -

ئانىسىنى تەكشۈرۈش بىلەنلا قانائەت قىلسا ، ئاخىر بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلار ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى قارغاپ ئۆتەر .

## ياش مۇناسىۋىتى

نىكاھ قىلىنىدىغان ئادەملەر بەك قېرى ياكى بەك ياش بولماسلىقى ، شۇنداقلا نىكاھ قىلىنغۇچى قىز بىلەن يىگىتنىڭ يېشى بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك . نىكاھ قىلىنغۇچى قىز بىلەن يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ياش مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال بولۇشىنى تەبىئەت بەلگىلەيدۇ . تەبىئەتكە خىلاپ بولغان نىكاھ ئىشەنچلىك نىكاھ ئەمەستۇر .

پەن ئەھلى ۋە تېۋىپلار نىكاھ ۋاقتىنى قىزلار ئۇچۇن ئون سەككىز بىلەن ئوتتۇز ئارىسىدا ، يىگىتلەر ئۇچۇن يىگىرمە بەش بىلەن ئوتتۇز يەتتە ئارىسىدا بولغان ياشنى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ . مۇشۇنىڭغا ئاساسەن قىزلار ئون توققۇز ، يىگىتلەر يىگىرمە بەش ياشقا يەتمەستىن بۇرۇن ، شۇنداقلا قىزلار ئوتتۇز بىر ، يىگىتلەر ئوتتۇز يەتتە ياشتىن كېيىن بولغان نىكاھلار ۋاقىتسىز نىكاھلاردۇر .

ئۆيلەنگۈچى قىز بىلەن يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ياشنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەن ئەھلى ۋە تېۋىپلار خوتۇن بولغۇسى قىز ئۆزىگە ئەر بولغۇسى يىگىتتىن ئالتە ياش مىقداردا كىچىك بولۇشى لازىم ، ئەمما ئون ياشتىن ئارتۇق پەرق مۇۋاپىق ئەمەستۇر ، دەيدۇ .

## جورىلىق توغرىسىدا

ئۆمۈرلۈك يولداشلار ، يەنى ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدا قاچانكى باراۋەرلىك بولسا ، شۇ چاغدا بىرلىك ۋە دوستلۇق بولىدۇ . بولمىسا ئارىدا كەمسىتىش يۈز بېرىپ ، شۇ سەۋەبتىن ئائىلە بۇزۇلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بايلىق ، نەسىل ، ئىلىم ـ تەربىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا يىگىت بىلەن قىز باراۋەر بولۇشى كېرەك . لېكىن ، تەربىيە كۆرگەن ، ئىلىملىك ، گۈزەل خۇلقلۇق قىز بىلەن يىگىتنى تەڭ سانىماسقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق .

پەقەت بايلىققىلا قىزىقىپ ، ئەدەپلىك ، تەربىيە كۆرگەن قىزلارنى بايلارغا بېرىش زۇلۇمدۇر . دۇنيانىڭ راھىتى بايلىقتا ئەمەس ، بەلكى كۆڭۈل تىنچلىقىدىدۇر .

لېكىن ، ياشلىق سەۋەنلىكلىرى سەۋەبىدىن بەزى قىزلار ئۆزلىرىگە جورا بولىدىغانلارنى جورا كۆرمەسلىكى ، جورا بولمايدىغانلارنى جورا ھېسابلىشى مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، قىز - يىگىتلەر نىكاھ توغرىسىدا چوڭلار ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ ھەربىر سۆزلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئاڭلىشى ، ماھارەت بىلەن كۆزىتىشى كېرەك .

## نەسەبتە يىراقلىق

يېقىن قېرىنداشلار ئارىسىدا بولغان نىكاھ قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ ، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈنمۇ زىيانلىقتۇر . بۇنداق نىكاھتا كۆپ ھاللاردا بالىلارنىڭ زەئىپ ، ئەزالىرى كەمتۈك ياكى كېسەلچان بولىدىغانلىقى سىناقتا ئىسپاتلانغاندۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ، نىكاھ قىلىنغۇسى ئەر بىلەن ئايال قېرىنداشلىق ، مەملىكەت ، ئىقلىم جەھەتلەردىن مۇمكىنقەدەر بىر - بىرىدىن يىراق بولۇشى لازىم .

## ئەقىللىق بىر خوتۇننىڭ نەسىھىتى

ئەرەبلەردىن بىر ئەقىللىق خوتۇن قىزىنى ئەرگە بېرىش ئالدىدا مۇنداق نەسىھەت قىلغانىكەن :

ئەي قىزىم ! بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ قولىمىزدىن كەتتىڭ ، باشقا بىر ئادەمگە يارۇ يولداش بولدۇڭ ، سەن ئۈچۈن بەخت -

ئامەت تىلىگۈچى ئاناڭ تەرىپىدىن سۆزلەنگەن ئۇشبۇ نەسىھەتلەرنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقايسەن ۋە مۇمكىن بولغاندا پايدىلىنارسەن.

قىزىم، ئېرىڭ دۇنيا سەپىرىدە ئۆزىگە يولداش، قايغۇدا بىللە قايغۇرغۇچى، شادلىقتا بىللە شادلانغۇچى يولداش بولۇش ئۈمىدى بىلەن سېنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەسلا يەردە قويمىغايسەن. ئۇ ھەر ۋاقىت «شۈكرىكىم، كۆتكەن يېرىمدىن چىقتى» دېسۇن ۋە سەندىن رازى بولۇپ ياشىسۇن.

قىزىم، تېز كۈنلەردە ئائىلە قۇرۇشقا كىرىشىسەن، ئائىلە قۇرۇشتا ئېتىبارغا ئېلىشقا كېرەك بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىنى، بولۇپمۇ قېيناناڭ، قېيناتاڭنى ھۆرمەت قىل. ئۇلارنى ئۆز ئاناڭ، ئۆز ئاتاڭدەك كۆر. ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تۇغقانلىرىڭ ھېسابلا، قېينانا، قېيناتاڭنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىل. مۇشۇ يېڭى تۇغقانلىرىڭنىڭ مىجەز-خۇلقىنى بىلىۋال ۋە شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىل. ئۇلار بىلەن يامانلىشىپ قېلىشتىن ساقلان. چۈنكى، بۇنىڭ ئېغىرلىقى ئېرىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. سەندىن ئۆتسە يېقىنلىرىڭنىڭ كۆڭلىدە قالار، ئۇلاردىن ئۆتسە سەندىن قىزغىنار. بۇنىڭ قايغۇسى بىلەن ئېرىڭ تاماقتىن قالار ۋە ئاخىر كېسەل بولۇپ قالار. ئەرلەر ئۆز كەسپىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىنىڭ شاد، تىنچ بولۇشىغا موھتاجدۇر. ئائىلىسىدە ئازراق قايغۇ بولسا ئۇلارنىڭ كەسپىگە تەسىر يېتەر.

قىزىم! ئېرىڭدىن ھېچقانداق سىرىڭنى يوشۇرما، ئېرىڭدىن باشقا بىرىگە سىر ئېيتما. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭگە قارشى گەپ قىلما. چىرايىڭنى تۈرمە. ئەرلەر خوتۇنلىرى تەرەپتىن بولغان ئەڭ زور كەمچىلىكلەرنى كەچۈرەلەيدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئازراقلا نەرسىنىمۇ ئېچىگە سىغدۇرالمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە خىلاپ ئىشتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئۇلار ئەيىبلىك ئەمەس. ئەگەر يارىماس ئادىتى بولسا، ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى ئادرېسى

كۆڭلىنى ئاغرىتماستىن ئىش تۇت .

قىزىم ، ئېرىڭ ياقتۇرمىغان ئىشلاردىن ، كۆڭلىگە كېلىدىغان ئادەتلەردىن يىراق بول . ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلما . ئېرىڭنىڭ مېلىنى ئاسراپ تۇت ، ئىسراپ قىلما .

قىزىم ، ئۆيۈڭ تەرتىپلىك ، ھەر نەرسە ئۆز جايىدا بولسۇن . بالىلىرىڭنى ئېرىڭگە ئامراق ، ئېرىڭنى بالىلىرىڭغا كۆيۈمچان قىلىشقا تىرىش . ئاتىلارنىڭ بالىلار بىلەن ئۆزىنى خۇش قىلىشى ئۇلار بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك . بالىلىرىنى سۆيىدىغان ئەرلەر كۆپ ھاللاردا ئىنساپلىق بولىدۇ ۋە بالىلىرى بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلىپ ، باشقا مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرگە كۆز سالمايدۇ .

قىزىم ، بۇ ئېيتقان سۆزلىرىمنى بەجا كەلتۈرۈش ئەقىللىق ، تەدبىرلىك خوتۇنلار ئۈچۈن ئېغىر ئىشلاردىن ئەمەس . ئەقىللىق خوتۇنلار كۈچلۈكلەر كۈچى بىلەن قىلالمىغان ئىشلارنى ئەقلىگە تايىنىپ قىلالايدۇ .

قىزىم ، ئېرىڭدىن بىرەر نەرسىنى بىر قېتىم ، كۆپ بولسا ئىككى قېتىم سورىساڭ كۇپايە . ئۇنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىينىما ، ئاۋارە قىلما .

قىزىم ، ئەرلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈنىدىغان چاغلىرى خوتۇنلىرىنىڭ خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆي خىزمەتلىرىنى قىلىپ تۇرغان چاغلىرىدۇر . ئېرىڭنىڭ يېنىدا بولغۇچى ۋە ھەر ۋاقىت ئىشلەپ تۇرغۇچى ، ئېرىگە خۇشال كۆرۈنگۈچى خوتۇنلارنى ئەرلىرىگە يامان كۆرسىتىشكە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ . ئېرىڭ ئىشقا ماڭغاندا ئۇزىتىپ قوي ، قايتىپ كەلگەندە كۈتۈۋال . ئېرىڭدىن كەچ قالماي ئۇخلا ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۇر .

قىزىم ، بەزى ۋاقىتلاردا ئەرلەر خوتۇنلىرىغا نىسبەتەن تۆۋەن كۆرۈش خاھىشىدا بولىدۇ . دەل شۇ چاغدا مۇشۇ ۋاقىتنى پۇرسەت بىلىپ ، ئۇنىڭ توغرا بولمىغان ئەيىبلىرى ھەققىدە ئازراق سۆزلە .

قىزىم ، ئائىلە ھەر ۋاقىت نىمەت ئەمەستۇر ، بەزى چاغلىرىدا زەھىرى ، تىكىنى ، نەيزىلىرى ھەم بولىدۇ . ئىرىك بىلەن ئاراڭغا سوغۇقچىلىق چۈشسە ئىغىر - بىسىقلىق بىلەن سۆزلە ، قىزىشما ، چىرايىڭنى ۋە ئاۋازىڭنى ئۆزگەرتمە . ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇنتۇما ، ھۆرمەت قىل ، ئۇ ھەرقانچە ئاچچىقلانسىمۇ قارشى سۆز قىلما . ئەڭ ياخشى خوتۇن ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ ، ئاچچىقىغا ھاي بەرگەن خوتۇندۇر .

قىزىم ، ئاللا بالا بەرسە ئۇلارنىڭ تىنىنى ئاسرا ، مەكتەپكە بارغۇچە ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيە قىل ، ياخشى قىلىقلارغا ئادەتلەندۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئائىلە ئەدەپلىرى

## ئالمەتۇلبەنات

*ئالمەتۇلبەنات 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بولۇپ، ئۇ شائىر، ئەدىب ۋە تونۇلغان ئالىمە. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئايال. ئۇنىڭ «مۇئاشەرەت ئەدەبى» («ئائىلە ئەدەپلىرى»)، «قىزلار تەربىيىسى»، «مۇئەللىمەتۇل ـ بانات» («ئاياللارنىڭ مۇئەللىمى») قاتارلىق ئەسەرلىرى كەڭ تارقالغان ۋە قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان. تۆۋەندىكى پارچىلار ئۇنىڭ «ئائىلە ساۋاقلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.*

## قېيىنانىلار بىلەن كېلىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەپ سۆزلىرى

نىزا ۋە دۈشمەنلىك بولغان ئۆيدە راھەت بولمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. نىزا ۋە دۈشمەنلىك بەزى چاغلاردا قېيىنانىلار بىلەن كېلىنلەر ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدۇ. گەرچە بۇ ئىش دەسلەپىدە ئاندا ـ ساندا ئېتىبارغا ئەرزىگۈدەك دەرىجىدە بولمىسىمۇ، مۇناسىپ ھالدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، چەك قويۇلمىسا بارا ـ بارا زورىيىپ كېتىدۇ ۋە ھەرخىل زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەجدادلار «ئوتنىڭ بېشى ئۇچقۇندۇر» دېگەنىدى.

قېيىنانىلار كۆپ ياشىغان ھۆرمەتلىك كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ بىلگەنلىرى ۋە تەجرىبىلىرى بىلەن

كېلىنلەرگە ياخشى ئادەتلەرنى چۈشەندۈرۈشى، ئۆز قىزلىرىغا ئۆگەتكەنگە ئوخشاش گۈزەل ئادەتلەرنى ئۆگىتىشى لازىم. بۇنىڭ ئەكسىنى قىلسا، ئۇلارغا جاپا ۋە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، بۇ ئەيىب، شۇنداقلا گۇناھتۇر.

كۆز نۇرىڭىزدەك كۆرۈپ ئۆستۈرگەن قىزىڭىز بىر كۈنلىرى سىزنىڭ تەربىيىڭىزدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلارغا ۋە ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىغا كېلىن بولۇپ كېتىدۇ. شۇ قىزىڭىزنىڭ خۇشال - خۇرام ۋە راھەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز نەقەدەر شادلىنىسىز ۋە نەقەدەر سۆيۈنىسىز؟ ئەگەر ئۇلارنى خار، زۇلۇم ۋە جاپا ئىچىدە كۆرسىڭىز قان - يېشىڭىزنى تۆكۈپ قايغۇرىسىز، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىسىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىزگە كېلىن بولۇپ كەلگەنلەرمۇ باشقىلارنىڭ كۆز قارىسى ۋە ئۆمرىنىڭ سەرمايىسىدۇر. ئۇلارمۇ قىزلىرىنىڭ راھەتتە ياشىشىنى ئىستەيدۇ. ئەكسىچە خەۋەرلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر قېينانىلار ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن ۋە سۆيگەن نەرسىنى باشقىلارنىڭمۇ سۆيۈشىگە ئۈندەڭلار. بۇ ئالتۇنغا تېگىشكىلى بولمايدىغان ئەقىلدۇر. بەزىبىر قېينانىلار كېلىنلىرىنى ھەر ۋاقىت خورلايدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن، ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئەيىب تېپىپ تۇرىدۇ. پۇرسەت كەلگەندە ئوغۇللىرىغا چېقىپ يامان كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ، ھەتتا ئوغۇللىرىدىن خوتۇنىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋاز كەچمىسە بىزدىن ئايرىلىپ كەت دەپ زورلايدۇ، ئۇلارنى زەخمەت چەكتۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھېچبىر ئورۇنسىز بىر ئائىلىنىڭ بەختى نابۇت بولىدۇ، ئارىغا دۈشمەنلىك چۈشىدۇ. ھاياتىنى ئاچچىق خاپىلىق بېسىپ، بار نەرسىلىرىنىڭ لەززىتى قالمايدۇ. ئاخىر بۇ ئۆيدىكىلەر تارقىلىپ ۋەيران بولىدۇ. بۇلارنىڭ سەۋەبى قېينانىلارنىڭ ناچار مىجەزىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار بۇ دۇنيادىكى قىسقىغىنا ئۆمرىدە چېچەك ئېچىشقا، مېۋە بېرىشكە تەييار بولغان ياشلارنىڭ ھاياتىغا زەھەر قوشۇپ، راھىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇزىدۇ . بۇنداق ئەقىلسىز خوتۇنلارغا ھايات ۋاقتىدا ھېچكىم ھۆرمەت قىلمايدۇ ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنى ئەسلىمەيدۇ . چۈنكى ، ئۇلار ئەسلەيدىغانلارنىڭ كۆڭلىنى قورۇتۇپ ، قاتۇرۇپ كېتىدۇ .

قېيىنانىلارغا نىسبەتەن شەپقەتلىك ، مېھرىبان بولۇش لازىم بولغىنىدەك ، كېلىنلەرگىمۇ قېيىنانىلارغا ئىتائەت قىلىش ، خىزمەت قىلىش شۈبھىسىز گۈزەل ئىشتۇر . ياخشى خىزمەتلەر بىلەن قېيىنانىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان كېلىنلەرگە كۈنلەردىن بىر كۈنى كېلىنلىرىمۇ خىزمەت قىلىدۇ . «خىزمەت قىلساڭ ئىززەت تاپارسەن .»

كېلىنلەر ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئىستىگەنگە ئوخشاش ، قېيىنانىلارمۇ نەچچە يىل تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئوغۇللىرى ئۈچۈن گۈزەل تۇرمۇش ئۈمىد قىلىدۇ . كېلىنلەر ئۇلارنى تۇغقان ئانىلىرى مىسالىدا كۆرۈپ خىزمەتلىرى بىلەن رازى قىلسا ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ۋەزىپىسى ئورۇندالغان بولىدۇ ، شۇنداقلا شۇ ئۆينىڭ ئىش - ئوقەتلىرى تەرتىپلىك ، ھاياتى تىنچ بولىدۇ .

## ئۆگەي باللار ، ئۆگەي كېلىنلەر توغرىسىدا

خوتۇنلارنىڭ ئەقىللىق ، ساپ دىل ۋە ياخشىسى ئۆگەي باللار ۋە ئۆگەي كېلىنلەر ئارىسىغا كەلگەندە مەلۇم بولىدۇ . ئۇلار ئۆزىنى ئۆگەيلەرگە مۇھەببەتلىك كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ . ئاستا - ئاستا ئۆينى تەرتىپكە سېلىشقا تىرىشىدۇ . نەتىجىدە ئۆيدە بىر نىزام ياكى تەدبىرنى يولغا قويۇپ ، ئۆزئارا قارىمۇ قارشىلىقتا سەۋەب بولغۇچى ئامىللارنى تۈگىتىدۇ . ئەگەر بىر خوتۇن باشتىلا تىرىشىپ ئىشلارنى تەرتىپكە سالسا ، ئۆمۈر بويى راھەتتە ياشاپ ، كۆپ خوتۇنلار ئۆز باللىرىدىن كۆرەلمىگەن خىزمەت ۋە راھەتنى ئەنە شۇ ئۆگەيلەردىن كۆرىدۇ ، ھەتتا بەزى خوتۇنلار بۇرۇن نىزا ۋە زىددىيەت بولغان ئائىلىگە كېلىپمۇ شۇ نىزا ۋە زىددىيەتلەرنى

تۆگىتىپ ئۇنى تىنچلىققا ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق خوتۇنلارغا راھەت يار بولىدۇ. كىشىلەر رەھمەت ئېيتىپ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئاخىرەتتە ئاللا ئۇنى چەكسىز ساۋابلىرىدىن ئۆز ئۈلۈشىنى بېرىدۇ.

بەزىبىر خوتۇنلار باركى، ئۆگەيلەر ئارىسىغا كەلگەندىن كېيىن ئائىلىدە زىددىيەت كۆپىيىدۇ، گۈزەل تۇرمۇش توزۇيدۇ...

## باللارنى تەربىيىلەش توغرىسىدا

مۇمكىن بولغاندا بالىنى ئۆز ئانىسى ئېمىتىشى لازىم. چۈنكى، بالا ئۈچۈن ئانا سۈتىگە يېتىدىغان ياخشى نەرسە يوق.

باللار ئاتا - ئانىلارنىڭ قولىدا قىممەتلىك ئامانەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىنى پاكىز تەربىيىلەش، ياخشى خۇلق ۋە ياخشى ئادەتلەرگە ئۆگىتىش لازىم. تەربىيە بىلەن بالىنى ئالتۇن قىلىشمۇ، تۇپراق قىلىشمۇ مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئاتا - ئانىسى سەۋەب بولىدۇ...

باللار ئالتە - يەتتە ياشقا تولغاندا ئوقۇتۇش باشلىنىپ مەكتەپكە بېرىلىدۇ. مۇشۇ ياشتىن باشلاپ قىزلار بىلەن ئوغۇللارنى ئايرىم يېتىشقا ئۆگىتىش كېرەك. ھەر ۋاقىت باللارنىڭ مىجەز - خۇلقىنى توغرىلاشقا ھەرىكەت قىلىش لازىم. بەتخۇيلۇق، تېز ئاچچىقلىنىش، يوق نەرسىنى ئارزۇ قىلىش قاتارلىقلار كېسەللىك جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈگىتىشكە ھەرىكەت قىلىش لازىم.

باللار ئۈچۈن بىر - بىرىنى قورقۇتۇش، قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەش زىيانلىقتۇر. شۇ سەۋەبتىن باللار كېچىسى ئۆز سايىسىدىن ياكى باشقا سايىلەردىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ياتسا ئۇخلىيالمايدۇ، ئۇخلىسىمۇ ئارامسىزلىنىپ، قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى چۈشەپ، ئويغىنىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە بىر خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

باللارنىڭ بەدىنى، ئۈستىۋېشى پاكىز، تىرناقلىرى ئېلىنغان

www.uyghurkitap.com

بولۇشى لازىم . كىيىم كىيىش ، تاماق يېيىش ۋە چوڭلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇش ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى بىلدۈرۈشمۇ زۆرۈردۇر .

تاماق يېگەن ۋاقىتتا داۋاملىق چۈشكۈرۈش ، ئەسنەش ، جىم ئولتۇرماسلىق ، قاش ۋە كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىش ، كىيىم ـ كېچەك ۋە پۇت ـ قوللىرىنى ئويناش ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراش ، باشقىلارنىڭ تاماق يېيىشىگە تىكىلىپ تۇرۇش ، يانپاشلاپ كېرىلىش ، كىشىلەرگە ۋە تائامغا قاراپ يۆتىلىش ، يېنىدا ئولتۇرغانلار بىلەن مەخپىي سۆزلىشىش ، ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈش ، بەك يۇقىرى ، بەك ھەددىدىن زىيادە پەس ئاۋازدا سۆزلەش ، چوڭلارنىڭ ئالدىغا سايىۋەن ياكى تاياق كۆتۈرۈپ كىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەدەپسىزلىكتۇر . بالىلارنىڭ بۇلاردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن تىرىشىش لازىم .

بالىلارغا ياخشىلىق قىلىش ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۇلۇغدۇر . سوۋغا بەرگەندە كىچىكلەردىن ياكى قىزلاردىن باشلاپ بېرىش ئەدەپكە خاستۇر . چەكلەنمىگەن ئويۇنلارنى ئويناشقا رۇخسەت قىلىش ئۇلارنىڭ زېھنىنى ۋە خاتىرىسىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق .

## ئۆي تۇتۇش توغرىسىدا

ھەممە جاي ھەر تەرەپتىن پاكىز بولغاندا راھەت بولىدۇ . بۇنى كىشىلەر سىناپ كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھويلا ـ ئاراملارنى ئەخلەت ـ چاۋالاردىن ، چاڭ ـ توزانلاردىن تازىلاپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىش لازىم ، شۇنداقلا ئىدىش ـ تاۋاق ، قازان ـ قومۇچ ، ساماۋار قاتارلىقلارنى ھەر ۋاقىت پاكىز تۇتۇش زۆرۈردۇر .

ئۆمۈچۈك تورلىرىنى ئېلىۋېتىش ، ئۆينىڭ ئەتراپىنى ساپ تۇتۇش خوتۇنلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ .

بېلىقنىڭ سۇسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ .

شۇنىڭغا ئوخشاش ، بىزمۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن ھاۋاغا موھتاجمىز . ھەر نەپەسىمىزدە ناچار ھاۋانى چىقىرىپ ، يېڭى ھاۋانى سۈمۈرۈپ تۇرىمىز . ھاۋادىن مۇستەسنا تىرىكلىك مۇمكىن ئەمەس . بۇلغانغان سۇدا بېلىقلار ئۆلگەنگە ئوخشاش ، ھاۋا ناچار ۋە بۇزۇق بولسا ئادەملەردە كېسەللىك ۋە بىئاراملىق پەيدا بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ياشاپ تۇرغان جايلارنى ، بولۇپمۇ ئۆينىڭ ئىچىنى يۇيۇپ تازىلاپ تۇرۇش ، ۋاقتى - ۋاقتىدا دېرىزىلەرنى ئېچىپ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش پايدىلىقتۇر . ئۆينىڭ كىچىكلىكى سەۋەبلىك كىرسىن چىراغ ، شام ياكى ئادەملەرنىڭ نەپەسلىرى بىلەن ھاۋا بۇزۇلسا ئىشىكنى ئېچىپ بولسىمۇ ھاۋانى يېڭىلاش لازىم ، لېكىن تەرلىگەن چاغدا ئۈچۈق دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش زىيانلىقتۇر . يېڭى سېلىنغان ئۆيلەردە بوياقلار تامامەن قۇرۇپ بولماستىن بۇرۇن ياشاشمۇ زىيانلىق .

## خوتۇنلار بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەدەپ توغرىسىدا

تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا ، خوتۇنلارنىڭ گۈزەل خۇلقلۇق بولۇشى سەۋەبىدىن ئەرلەرمۇ گۈزەل خۇلقلۇق بولىدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە ، خوتۇنلار سەت خۇلقلۇق بولسا ، ئەرلەرنىڭ خۇلقىمۇ بۇزۇلىدۇ . ئەر بىلەن خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى تۇرمۇشتا كېلىشىش بولمىسا ، ھەر ئىككىسى ئۈچۈن زور ھەسرەت ۋە ئازاب بولىدۇ . روزىغارىنىڭ لەززىتى تۈگەيدۇ ، راھىتى تۈگەيدۇ ، تەدبىرلەر بۇزۇلىدۇ . جۈملىدىن ئۆي جامائىتى ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ . باللار ئارامسىزلىنىدۇ . بۇنىڭدىن كۆپلىگەن زىيانلىق ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش ئالدى بىلەن خوتۇنلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ .

ئەرلەر بىلەن گۈزەل تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن ، خوتۇنلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك نەرسىنى ئېتىبارغا ئېلىشى لازىم :

بىرىنچى ، ئەرلەرنىڭ مىجەزىنى ۋە خۇلقىنى ياخشى بىلىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ قېتىم سىناق ئېلىپ بېرىش كېرەك . كېيىن شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئىش تۇتۇش لازىم ، يەنى ئەرلەر قانداق نەرسىدىن خۇشاللىنىدۇ ۋە قانداق نەرسىلەردىن كۆڭلى قالىدۇ ياكى قانداق ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ ، قاندىق ئىشلاردىن كۆڭلى يېرىم بولىدۇ ... قاتارلىقلار . خوتۇنلار ھەر ۋاقىت مۇشۇ ئۇسۇلدا ئەرلىرىنىڭ مىجەزىنى ئېنىق بىلىپ ، ئۇلار ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى قىلىشى ۋە ياقتۇرمىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم .

ئىككىنچى ، ئەرلىرىگە ئىتائەتمەن خوتۇنلار ھەققىدىكى ياخشى خەۋەرلەرنى ھەم ئىتائەتسىز خوتۇنلار ھەققىدىكى يامان خەۋەرلەرنى بىلىشى لازىم ...

خوتۇنلار بەدەن ۋە كىيىملىرىنى غەيرىي پۇراقلاردىن ، چاڭ ـ توزانلاردىن مۇمكىنقەدەر پاكىز تۇتۇشى لازىم ، بۇ ئەرلەرگە يارىشىنىڭ ئۇلۇغ شەرتىدۇر .

خوتۇنلار يەنە ئەرلىرى چىچىلغان ، ئاچچىقلانغان چاغلىرىدا سەۋرچان بولۇشى ، ئۆزىنى بېسىۋېلىشى لازىمدۇر . بىر ئەرەب شائىرى ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا مۇشۇ ھەقتە نەسىھەت يۈزىسىدىن شېئىر يازغان بولۇپ ، مەزمۇنى مۇنداق : ئەگەر ساڭا ئاچچىقلانسام ، جاپا قىلسام مېنى كەچۈر ، مەن سېنى ھەر ۋاقىت سۆيىمەن . ئاچچىقىم تۇتقان ۋاقىتتا ماڭا قارشى تۇرما ، مەن بىلەن جاۋابلاشما ، ناغرا چالغاندەك ۋارقىراپ ـ جارقىرىما . بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن . بىر كۆڭۈلدە مۇھەببەت بىلەن غەزەپ بىر يەرگە كەلسە ، مۇھەببەت شۇ زامان غايىب بولىدۇ .

بۇ ئەرەب شائىرى خوتۇنىغا يەنە شۇنداق دەيدۇ : مېنىڭ ئاچچىقىم تۇتقاندا خۇلقۇڭنى بۇزۇپ ، مېنى قورقۇتۇش ۋە مەندىن ئۈستۈن تۇرۇش پىكرى بىلەن مېنىڭ ئاچچىقىمنى ئاشۇرما ، كۆپتۈرمە ، چۈنكى شۇ يول بىلەن مەندىن ئۈستۈن تۇرۇش ئېھتىماللىق بولسىمۇ ، ئەمما مېنىڭ ئاچچىقىمنى ئاشۇرۇپ زور

زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىشىڭ ھەم مۇمكىنـدۇر . بۇنداق بولسا مېنىڭ مۇھەببىتىمنى سۇندۇرىسەن .

ياخشى خوتۇنلار ئەرلىرىنىڭ كۆزلىرى چۈشسە ئوچۇق چىراي بىلەن شادلىنىدۇ ، بۇيرۇغان ئىشلىرىنى ئىخلاس بىلەن قىلىدۇ . ئەرلىرى سەپەرگە چىقسا ئۆزىنى ۋە ئېرىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ياخشى ساقلايدۇ . ئۆزلىرىنى هارام ۋە ئەدەپسىزلىكلەردىن پاكىز تۇتىدۇ . قىلغان خىزمىتى بىلەن ئەرلىرىگە مىننەت قىلمايدۇ . بەللە هايات كەچۈرۈش مۇمكىن بولغان ئەھۋالدا ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلمايدۇ . ئەرلىرىگە ئاش ـ تائام هازىرلايدۇ ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيىدۇ . ئەرلىرىگە ۋارقىراپ سۆزلىمەيدۇ ، ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەيدۇ ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە باشقا يېقىن قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا بارغاندىمۇ ئەرلىرىدىن سوراپ ، رۇخسەت ئېلىپ بارىدۇ . مال ـ مۈلكىنى ئىسراپ قىلمايدۇ ، ھەتتا ئېرىدىن رۇخسەت بولمىسا سەدىقىمۇ بەرمەيدۇ . ئېرىنىڭ باللىرىغا (ئۆگەي باللىسىغا) جاپا ۋە زۇلۇم قىلمايدۇ .

## ناچار خوتۇنلار توغرىسىدا

ناچار ۋە ئەسكى خوتۇنلارنىڭ ئادىتى ياخشى خوتۇنلارنىڭ ئادەتلىرىدىن تامامەن باشقىچە بولىدۇ . ئەسكى خوتۇنلار يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئېرى بىلەن ۋارقىرىشىدۇ . ئەرلىرى بىرەر ئىشنى بېجىرەلمىسە شۇ ھەقتە ئۇزۇنغىچە سۆزلەيدۇ . ئۇز سۆزىنى راست قىلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ . ئېرى توختىمىسا ياكى چىقىپ كەتمىسە ئۇلار داۋاملىق سۆزلەيدۇ ، ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە خىزمەتلىرىنى ئۇلۇغ ساناپ مىننەت قىلىدۇ ، گويا دۇنيانى شۇلار ئوڭشايدىغاندەك سۆزلەيدۇ . ئېرىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلارنى يوققا چىقىرىدۇ ، ھەتتا «مەن سەندىن ھېچقانداق ياخشىلىق كۆرمىدىم» دەيدۇ ، «ئۆمرۈم سەن بىلەن زايا كەتتى» دەپ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ھالبۇكى بۇنداق خوتۇنلاردىن

نۇرغۇنلىرىنىڭ بارىدىغان يېرى بولمايدۇ . بۇنداق خوتۇنلاردىن پايدا يەتمەيدۇ . ئۇلار ئۆزلىرى هالاك بولۇش بىلەن بىللە ، باشقىلارنىڭمۇ ھەسرەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ .

ئەگەر ئۇلار بۇنداق ئەسكىلىك قىلغۇچە ، ئېرىنىڭ غەزەپتىن بېسىلىشىنى كۈتسە ، كېيىن پۇرسەت تېپىپ ، يۇمشاقلىق بىلەن مەقسىتىنى ئېيتسا ، ئېرىدىن كۆپلەپ رەھمەت ۋە ئاپىرىنغا ئېرىشىدۇ ، شۇنداقلا ئېرىنىڭ ئىخلاس ۋە مۇھەببىتىنىڭ ئارتىشىغا سەۋەب بولىدۇ .

## ئەرلەر توغرىسىدا

ئەرلەرنىڭ ئەقىل ۋە قۇۋۋەت جەھەتتىن خوتۇنلاردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىگە شۇبھە يوق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، دۇنيانىڭ ئەڭ ئېغىر ئىشلىرىغا خوتۇنلار سەۋر قىلغان ۋە ئۇنى ئىزىغا سالغانغا ئوخشاش ، ئەقىللىق ۋە كۈچلۈك ئەرلەر ئادىل ئىش قىلمىسا چوڭ ئەيىب بولىدۇ . ئۇلار خوتۇنلارغا نىسبەتەن شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولۇشى ، خاتالارنى ئەپۇ قىلىشى كېرەك .

ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىغا نىسبەتەن خوددى چوپانغا ئوخشايدۇ . ئوتلاقتىكى مال ـ چارۋىلارغا چوپانلار مەسئۇل بولغانغا ئوخشاش ، ئائىلە ئەزالىرىغىمۇ ئەرلەر مەسئۇل بولۇشى كېرەك . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەرلەر ئىچى ۋە تېشىنى بىردەك تۇتۇشى ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۆزىگە ھاي بېرىشى ، ئوچۇق چىراي ۋە ئوچۇق سۆز بولۇشى لازىم .

بەزى دانىشمەنلەر رىۋايەت قىلىدۇكى ، ئۆز يېقىنلىرىغا چىراي ئاچمىسا ، شۇنداقلا زۆرۈر ۋاقتىدا ئۆزىگە ھاي بەرمىسە ، ئۇ كىشىدىن تۇرمۇش لەززىتى قاچىدۇ . بۇ توغرا ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن بىلىمدۇر .

تۇرمۇش گۈزەل بولسۇن دەپ ئىرادە قىلغان كىشى ئۆز

خوتۇننىڭ مىجەزى بىلەن ئۆز مىجەزىنى بىر ئورۇنغا قويۇشقا ئامال قىلىشى ، يەنى ئىككى مىجەزنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم . ئەنە شۇنداق ئۇسۇل ۋە خىزمەتلەرنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ، ئىككى ئارىدا يېقىنلىق ھاسىل قىلىشى ۋە بىرلىشىشى لازىم ، شۇنداقلا ئىلىم ۋە پەزىلەت ئەھلى بويرۇغان ۋە ئۆزى قىلىپ ئادەتلەنگەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك ...

ھەزرەت ئۆمەر مۇنداق دېگەنىدى : خوتۇنلار مېنى گۇناھتىن ساقلاشقا سەۋەبچىدۇر . ئۇلار ئۆيۈمگە قارايدۇ ، مېلىمنى باقىدۇ ، كىيىملىرىمنى يۇيىدۇ ، بالىلىرىمنى ئېمىتىدۇ ، ئۇلارنى تەربىيىلەيدۇ ، تاماقلىرىمنى پىشۇرىدۇ ، نېنىمنى ياقىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلىمەن .

سىلەرنىڭ خوتۇنۇڭلارمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ شۇنداق بولسا ھەزرەت ئۆمەرنىڭ خۇلقى ھەممىمىزگە ئۆرنەك بولۇشقا يارىسا كېرەك ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دانالار دۇردانىلىرى

(ھېكمەتلەر، رىۋايەتلەر)

تۈگۈچىلەر: ئەزىزى، ھەجەرگۈل
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 — 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ يېڭىيېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 6.75
قىستۇرما ۋارىقى: 1
نەشرى: 2007 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 11001 — 14000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 — 7 — 228 — 06338 — 3
باھاسى: 12.00 يۈەن